

2

# مىڭ بىر كېچە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-08404-3

9 787228 084043 >

定价:5.50 元

# مىڭ بىر كېچە

## ②

تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۇل مىجىت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

一千零一夜.2/晓明编著;帕提古丽·米吉提译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.11(2008.4 重印)

根据上海人民美术出版社 2001 年 4 月汉文版译出。

ISBN 978－7－228－08404－3

Ⅰ.一… Ⅱ.①晓…②帕… Ⅲ.民间故事—作品集—阿拉伯半岛地区—维吾尔语(中国少数民族语言)

Ⅳ.I371.73

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 099946 号

# 一千零一夜(2)

## (少儿版)

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 再米拉·菲达 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印厂 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米 1/32 |
| 印　　张 | 2.625 |
| 版　　次 | 2003 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 4 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 4001－9000 |
| 定　　价 | 5.50 元 |

بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2001 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 2001 - يىل 4 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

# مىڭ بىر كېچە (2)

(بالىلار نۇسخىسى)

**تۈزگۈچى :** شاۋمىڭ
**تەرجىمە قىلغۇچى :** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** زەمىرە پىدائى
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى :** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 2.625
**نەشرى :** 2003 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2008 - يىلى 4 - ئاي 2 - بېسىلىشى
**تىراژى :** 4001—9000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—08404—3
**باھاسى :** 5.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئاسلان بىلەن قاغىنىڭ ھېكايىسى ................ 1
قارا ياغاچ ئات ................................ 3
ئەقىللىق بېلىقچى ........................ 41
مۇشۇك بىلەن چاشقاننىڭ ھېكايىسى ............ 47




ئەمىر بىلەن ئىككى دەۋاگەر يىگىت .............. 56
كەرىقۇر بىلەن تاشپاقىنىڭ ھېكايىسى ........... 68



# ئاسلان بىلەن قاغىنىڭ ھېكايىسى

قاغا بىلەن ئاسلان بەكمۇ ئەپ ئۆتىدىكەن. ئۇلار دائىم بىللە ئويناپ، مۇڭدىشىپ يۈرۈپ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇلار دەرەخ سايىسىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇ-رۇپ، يېقىنلا يەردە بىر يولۋاسنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قاغا پۇرردە قىلىپ ئۇچۇپ دەرەخكە چىقىۋاپتۇ. بىچارە ئاسلان نېمە قىلارىنى بىلمەي تېپىرلاپ كېتىپتۇ-دە، قاغىدىن ياردەم سوراپتۇ.

— مەن ساڭا چوقۇم ياردەم قىلىمەن، خاتىرجەم بولغىن، — دەپتۇ قاغا.

قاغا ئېگىز ئۇچۇپ يەرگە قاراپتۇ ۋە يېقىنلا يەردە تۇرغان پادىچى بىلەن بىرنەچچە تايغاننى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاغا ئۇ نەچچە تايغاننىڭ ئارىسىغا ئۇچۇپ بېرىپتۇ-دە،



قەستەن چىشىغا تېگىپ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئارىدىكى بىرىنى قانىتى بىلەن قاتتىق ئىككىنى سوقۇپتۇ.

ھېلىقى تايغانلار بىلەن پادىچى ئۇنى قوغلاپتۇ. قاغا بىردەم ئۇچۇپ، بىردەم قونۇپ دېگەندەك ئۇلار بىلەن مەلۇم ئارىلىق قويۇپ قېچىۋېرىپتۇ. ئۇ قېچىپتۇ، تايغانلار بىلەن پادىچى قوغلاپتۇ. قوغلا، قوغلا ئاخىر ئاسلان خەتەر ئاستىدا قالغان ھېلىقى دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ قاپتۇ. يولۋاسنى كۆرگەن تايغانلار قاغىنى تاشلاپ، يولۋاسنى قوغلاپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن يولۋاس بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

دوستى خەتەرگە يولۇققاندا كۆكرەك كېرىپ چىقالىغان كىشىلا ھەقىقىي دوست ھېسابلىنىدۇ! ئاسلان قاغىدىن تولىمۇ مىننەتدار بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قاغا بىلەن ئاسلان تېخىمۇ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كېتىپتۇ.



# قارا ياغاچ ئات

بۇرۇنقى زاماندا، بىر پارس شاھى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن، دۇنيادا تەڭدىشى يوق تۆت گۈزەل قىزى، بەرنا بىر ئوغلى بار ئىكەن.

بىر كۈنى، پادىشاھ ئوردىسىدا دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ ئولتۇرسا، ئۈچ دانىشمەن كېلىپ پادىشاھ بى-لەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنى قوبۇل قىپتۇ.

ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا ئالتۇن قاغا، بىرىنىڭ قو-لىدا مىس كاناي، يەنە بىرىنىڭ قولىدا قارا ياغاچ ئات بار ئىكەن. بۇلارنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيرانلىق بىلەن سوراپتۇ:

— قولۇڭلاردىكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ نېمە خاسىيىتى بار؟

— پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ بىر دانىشمەن، — قولۇمدىكى بۇ ئالتۇن قاغا ھەر سائەتتە بىر قېتىم قانات قېقىپ سايراپ ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ.

— مېنىڭ بۇ مىس كانىيىمنى سېپىل دەرۋازىسى-نىڭ ئالدىغا قويۇپ قويسا، دۈشمەن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ، — دەپتۇ ئىككىنچى دانىشمەن.

ئۈچىنچى دانىشمەن:

— ياغاچ ئېتىم ئۈستىگە مىنگەن ئادەم قەيەرگە بې-رىشنى خالىسا، شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ، — دەپتۇ.

ئۈچ دانىشمەننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ:



— ھەرقايسىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ نەرسىسىنى كارامەت دەپ ماختاۋاتىسىلەر. ئۇنداق بولسا، مەن ئۇنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ باقاي، ئاندىن ئۇ نەرسىلىرىڭلارنىڭ كارامىتىگە يارىشا ئىنئام بېرەي، — دەپتۇ.

ئەڭ دەسلەپتە پادىشاھ ئالتۇن قاغىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپتىكەن، ئۇنى ئەكەلگەن دانىشمەننىڭ دېگىنى راست چىقىپتۇ. پادىشاھ ئاندىن مىس كانايىنىڭ كارامىتىنى كۆ-رۈپ، ئۇنىڭغىمۇ قايىل بوپتۇ. پادىشاھ ئۇ ئىككى دانىش-مەندىن رازى بولغان ھالدا سوراپتۇ:

— مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟ يۈرەكلىك ھالدا دەۋېرىڭلار.

ئۇ ئىككى دانىشمەن خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا:

— ئالىيلىرىنىڭ مەلىكىلىرىنى بىزگە خوتۇنلۇققا بېرىشىنى تىلەيمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپتۇ ۋە چېچەن، گۈزەل مەلىكىلەرنى ئۇلارغا خوتۇنلۇققا بېرىپتۇ.

ياغاچ ئات ئېلىپ كەلگەن دانىشمەن قارا ئېتىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان چاغدا، بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان شاھزادە:

— شاھ ئاتا، بۇ ئاجايىپ نەرسىگە بەكلا قىزىقىپ قالدىم. ئۇنى سىناپ بېقىشىمغا ئىجازەت بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

شاھزادىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— بولىدۇ، بىخەتەرلىككە دىققەت قىل، — دەپ جېكىپتۇ.

پادىشاھنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغىنىدىن شادلىققا چۆمگەن شاھزادە خۇشاللىق بىلەن قارا ياغاچ ئاتقا مىنىپتۇ ـ دە، ئىككى پۇتى بىلەن ياغاچ ئاتنىڭ بىقىنىغا دېۋىتىپتۇ، لېكىن



ياغاچ ئات مىدىرلاپمۇ قويماپتۇ.

شاھزادە بىتاقەت بولۇپ:

— ئەي دانىشمەن، ئېتىڭىز مىدىرلىمايدۇغۇ؟ — دەپتۇ.

دانىشمەن ئاتنىڭ قولىقىنىڭ تۈۋىدىكى تۇتقۇچنى كۆرسىتىپ:

— ئۇنى بۇرىسىڭىزلا، ئات چاپىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە دانىشمەننىڭ دېگىنىدەك قىپتىكەن، ياغاچ ئات شاھزادىنى ئېلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئېگىز ئاسمانغا



چىقىپ كەتكەن شاھزادە پەسكە شۈنداق قاراپ سالىپتىكەن، يەردىكى نەرسىلەر غۇۋا كۆرۈنۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە يېنىكلىك قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئۆزۈمنى چاغلىماي قاپتىمەن دېسە، ئەمدى ئۆزۈمنى جەھەننەمدە كۆرىدىغان بولدۇم» دەپتۇ.

شاھزادە يەرگە قاراپ سېلىشتىن قورقۇپ كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ. ياغاچ ئات ئۇنى ئېلىپ ئۇچە، ئۇچە، بۇلۇتلار قەرىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئالاقزادە بولغان شاھزادە قورقۇنچتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان بىر چاغدا، ئۇنىڭ ئوڭ قولى ھېلىقى تۇتقۇچقا تېگىپ كېتىپتۇ. ئۇ تۇتقۇچنى كۈچەپ بىر بۇراپتىكەن، ياغاچ ئات تېخىمۇ ئېگىز ئۇچۇپتۇ. ئۇ سول قولىدا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ يەنە بىر تۇتقۇچنى تېپىپ پەسكە بۇراپتۇ، بۇرىغانسېرى ياغاچ ئات تۆۋەنلەشكە باشلاپتۇ. ئەمدى كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن شاھزادە خاتىرجەم ھالدا خۇشاللىقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپتۇ.

شاھزادە تۇتقۇچلارنى ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا، ھېلى ئۈستىگە، ھېلى تۆۋىنىگە بۇراپ، ئاسماندا ئەركىن ـ ئازادە ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ.

بىلىپ ـ بىلمەي قۇياش غەربكە باش قويۇپتۇ. گۇگۇم چۈشكەندە، شاھزادە ئۇچۇپ يەر يۈزىگە يېقىنلىشىپ پەسكە شۈنداق قاراپتىكەن، ئەييۇھەنناس، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان تۈزلەڭلىك، تۈزلەڭلىكنىڭ ئەتراپىدا بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق، ئويناقشىپ ئېقىپ تۇرغان دەريا، دەريا بويىدا مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل بىر شەھەر نامايان بوپتۇ.

شاھزادە كۆڭلىدە، كۈن كەچ بولۇپ قالدى، مۇشۇ شە-

ھەرگە چۈشۈپ بىر كېچە قونۇپ، ئەتە يەنە ياغاچ ئاتنى ھەيدەپ كەتمەيمەنمۇ، بارغاندىن كېيىن شاھ ئاتامغا كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم بولمىدىمۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە، شەھەرنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ، ئاخىر پىنھان بىر جاينى تېپىپ چۈشمەكچى بوپتۇ.

شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ كۆزى تولىمۇ ھەشەمەتلىك ياسالغان كۆركەم بىر ئوردىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئوردىنىڭ ئەتراپى مۇستەھكەم سېپىل تام بىلەن ئورالغانىكەن.

«ئەجەب ياخشى جاي ئىكەن بۇ!» شاھزادە شۇنداق دەپتۇ - دە، ئېتىنىڭ تۇتقۇچىنى بۇراپ ئاستا ئۇچۇپ ئوردىنىڭ



ئۆگزىسىگە قونۇپتۇ. شاھزادە ئاتتىن چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۆزى ھېرىپ ھېچ ماجالى قالمىغانىكەن. شۇڭا، ئۇ يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ باقماقچى بوپتۇ. بىراق، بۇ كېچىدە قەيەردىن يەيدىغان نەرسە تاپقىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ سەل قورقۇپ تۇرغاچقا، ئۆز ـ ئۆزىگە: « بولدىلا، يەنىلا ئېتىم بىلەن بىللە ئۆگزىدە تۈنەپ، ئەتە ئەتىگەندىلا ئۆيگە قايتىپ كېتەي» دەپتۇ ۋە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئانچە ئۇزۇن ئۇخلىمايلا ئۇنىڭ يۈزىگە بىر نۇر چۈشۈپ، ئۇنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ سىنچىلاپ قارىسا ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە بىر گۈزەل قىز تۇرغۇدەك. ئەسلىدە ئۇ مۇشۇ ئەل پادىشاھنىڭ قىزى ئىكەن. پادىشاھ



ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرگەچكە، ئويناپ كۆڭلىنى ئاچ-سۇن، دەپ بۇ قەسىرنى مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك، كۆركەم سالدۇرۇپ بەرگەنىكەن. مەلىكە ئىچ پۇشۇقى تارتىپ قالغان چاغلىرىدا ياكى ئويۇن سېغىنىپ قالغىنىدا كېنىزەكلىرىنى باشلاپ بۇ قەسىرگە كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېتى-دىكەن. ئۇنىغانغا يونىغاندەك، دەل بۇگۈن مەلىكە كېنىزەك-لىرى بىلەن بىللە بۇ قەسىرگە ئوينىغىلى كەپتىكەن. ئۇنى مەخسۇس بىر نۆكەر قوغدايدىكەن. مەلىكىنىڭ گۈزەل چېھرىدىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقان شاھزادىنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ-دە، ئېتىلغىنىچە بېرىپ ھېلىقى نۆكەرنى بىر مۇشت بىلەنلا ئۆرۈۋېتىپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مەلىكە پېتىنىمۇ بۇزماستىن ئۇنىڭغا؛

—تۇنۇگۈن ماڭا لايىق بولغان، لېكىن شاھ ئاتام ماقۇل بولمىغان شاھزادە سىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.



ئەسلىدە ھىندى شاھزادىسى مەلىكىنى ئېلىش تەمە-
سىدە ئەلچىلەرنى باشلاپ كەلگەنىكەن. ئەمما، ئۇ بەك سەت
بولغاچقا، پادىشاھ مەلىكىنى ئۇنىڭغا بېرىشنى رەت قىلغا-
نىكەن. شۇڭا، مەلىكە مېنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى تەلەپ
قىلىپ كەلگەن ھىندى شاھزادىسى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ
قالغانىكەن. بۇ چاغدا بىر كېنىزەك مەلىكىگە:

—مەلىكە سىزگە لايىق بولۇپ كەلگەن يىگىت بۇ
ئەمەس. ئۇ يىگىت بەكلا بەتبەشىرە ئىدى. بۇ يىگىت قەد-
دى - قامەتى كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. ئۆزىمۇ ئادەتتىكى
ئادەملەردىن ئەمەستەك قىلىدۇ، بۇ چوقۇم بىرەر مەقسەت-
مۇددىئا بىلەن كەلگەن، — دەپتۇ.

كېنىزەك گېپىنى تۈگىتىپ شاھزادىنىڭ بىر مۇش-
تىنى يەپلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن نۆكەرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ. ئۇ
نۆكەر شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

—سەن نېمە ئادەمسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ شۇنچە، بۇ
قەسىرگە بېسىپ كىرگۇدەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

—مەن پارس ئېلىنىڭ شاھزادىسى بولىمەن. مەلىكىنى
خوتۇنلۇققا سوراپ كەلدىم، — دەپتۇ شاھزادە.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نۆكەر ئوردىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ
پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. مەلۇماتنى ئاڭلىغان پادىشاھ قىلد-
چىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ قەسىرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ
كېلىپ شۇنداق قارىسا، شاھزادە بىلەن مەلىكە بىر ئوبدان
مۇڭدىشىپ ئولتۇرغۇدەك. ئىككىسىنىڭ شۇنچە يېقىنلىد-
شىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ غەزىپى قايناپ تاش-
قان ھالدا، قىلىچنى تەڭلىگىنىچە شاھزادىگە ئېتىلىپتۇ.
شاھزادىمۇ قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئۆزىنى
قوغداشقا تەييارلىنىپتۇ. ئۇ مەلىكىدىن ئۇنىڭ پادىشاھ

ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن كەسكىن ئاھاڭدا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن پارس پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن. شاھ ئاتام ناھايىتى قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئىگە. ئۇ قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ پادىشاھلىقىڭىزنى يوقىتىپ، دۆلىتىڭىزنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ.

شاھزادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پادىشاھ قورقۇپ قاپتۇ. ئۇ قىلىچىنى قىنىغا ئاستا سېلىۋېتىپ، شاھزادىگە:

— ئەي يىگىت، مەنمۇ چوڭ بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھىمەن. سەن نېمىشقا مېنىڭ ئىجازىتىمسىز بۇ قەسىرگە ئۇسۇپ كىرىسەن؟ قىزىمنى ئەمرىڭگە ئېلىشنى خالىغانىكەنسەن، نېمىشقا رەسمىي ئەلچى ئەۋەتمەيسەن؟ مۇشۇنداق ھېچقانداق ئەجىر قىلمايلا قىزىمنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ قاچساڭ، مېنىڭ ئابرۇيۇمنى يەر بىلەن يەكسان قىلمامسەن؟ — دەپتۇ.



پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان شاھزادە ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە:

— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق گەپلەر. مۇنداق قىلايلى، قىلىچۋازلىق مۇسابىقىسىنى قىزىڭىزنى ئېلىشنىڭ شەرتى قىلايلى. ئەتە قول ئاستىڭىزدىكى بارلىق لەشكەرلەرنى ماڭا سېلىڭ. ئۇلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلايلى. ئۇلار مېنى يېڭىۋالسا، ئەلھۆكمىلىللا دەي، مەن ئۇلارنى يېڭىۋالسام، سىزگە كۈيئوغۇل بولاي، — دەپتۇ.

شاھزادىنىڭ يۈرەكلىكىگە قايىل بولغان پادىشاھ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. ئۇ ۋەزىرىگە جىمى لەشكەرلەرنى يىغىپ، ئەتىكى قىلىچۋازلىقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق قىپتۇ، ئاندىن ئولتۇرۇپ شاھزادە بىلەن سۆھبەتتە بوپتۇ. ئۇ ئىككىسى سۆزلەشكەنسېرى يېقىنلىشىپ كېتىپتۇ. ئەنە شۇنداق سۆزلىشىپ تاڭنىڭ ئاتقىنىنىمۇ بىلمەي قاپتۇ. پادىشاھ ئەڭ ئېسىل ئارغىماقنى



شاھزادىنىڭ قىلىچۋازلىق قىلغاندا مىنىشىگە بەرمەكچى بوپتىكەن، ئەمما شاھزادە ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن قايتۇرۇپتۇ:

— ئالىيلىرى، مەن ۋاقتىنچە ئاتقا مىنمەي تۇراي. جەڭگاھقا بېرىپ لەشكەرلىرىڭىزنىڭ قىياپىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن بىرنېمە دەي، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاھزادىنى جەڭگاھقا باشلاپ كەپتۇ ۋە لەشكەرلىرىگە مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ شاھزادە مەلىكىگە ئەر بولۇش تەلىپىنى قويۇپ كەپتۇ. ئۇ قىلىچە ئەيمەنمەستىن سىلەر بىلەن ئۆزۈم يەككە - يېگانە جەڭگە چۈشىمەن، دەپ پو ئېتىۋاتىدۇ. سىلەر ئۇنىڭغا ئوبدان بىر تېتىپ قويۇڭلار.

پادىشاھ يەنە شاھزادىگە قاراپ:

— بالام، قىلىچۋازلىق ئەمدى باشلىنىدۇ، ئۆزۈڭنى بىر كۆرسىتىپ قويغىن، — دەپتۇ.

— سىزنىڭ ئېتىڭىز ماڭا يارىمىدى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئېتىمنى مىنىپ قىلىچۋازلىق قىلىشنى خالايمەن، — دەپتۇ شاھزادە پادىشاھقا قاراپ.

— سېنىڭ ئېتىڭ قەيەردە؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن سوراپتۇ پادىشاھ.



— مەلىكىنىڭ قەسرىنىڭ ئۈگزىسىدە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

پادىشاھ تېخىمۇ ھەيران بوپتۇ:

— ئۈگزىدە؟ ئات ئۈگزىدە دەمسەن؟

ئەتراپتىكىلەر تەرەپ - تەرەپتىن غۇلغۇلا قىلىشىپ كېتىپتۇ:

— ئات شۇنچە ئېگىز شوتىدىن ئۈگزىگە قانداق چىقالايدۇ؟ بۇنداق ئىشنى كۆرۈش تۇگۇل، ئاڭلاپمۇ باقماپتىكەنمىز.

پادىشاھ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىپتۇ:

— دەرھال قەسرگە بېرىپ ئۈگزىدە زادى نېمە بارلىقىنى كۆرۈپ كېلىڭلار. نېمە بولسا شۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ



كېلىڭلار!

نۆكەرلەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ دەرھال قە-سىرگە چىقىپتۇ. ئۇلار قەسىرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ شۇنداق قارىسا، كارامەت قاۋۇل بىر ئارغىماق تۇرغۇدەك. ئۇلار يېقىن بېرىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، قارا ئەبنۇس ياغىچى بىلەن پىل چىشىدىن ياسالغان بىر ياغاچ ئات تۇر-غۇدەك. ئۇنى كۆرگەن نۆكەرلەر ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئۇنىڭ ئات دېگىنى ئەسلىدە مۇشۇ ئىكەن-دە! ئۇ شاھزادە ساراڭ ئوخشايدۇ. بىر بولسا ئۇنىڭ خېلى كارامىتى بار. قېنى، ۋاقتى كەلگەندە كۆرمەمدۇق، — دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياغاچ ئاتنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ياغاچ ئاتنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيران قاپتۇ-دە، شاھزادىدىن سوراپتۇ:

— بالام، سەن مىنىدىغان ئات مۇشۇمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە، — كارامەتنى بىردەم تۇرۇپ كۆرىلا. بىراق، نۆ-كەرلەر مەندىن يىراقراق تۇرسۇن . بولمىسا، بۇ ئاتقا مىنمەيمەن.

پادىشاھ نۆكەرلىرىگە شاھزادىدىن ئوقيا ئوقى يېتىپ بارالمىغۇدەك يىراقلىقتا تۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. شاھزادە تېنىد-مەي-تەمتىرىمەي بېرىپ ياغاچ ئاتقا مىنىپتۇ-دە، ئاتنىڭ قۇلىقىنى بۇراپتۇ. ئات ئوقتەك ئۇچۇپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ بۇلۇتلار قەھرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ-نىڭ قورققىنىدىن چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ:

— ئۇنى تۇتۇۋېلىڭلار! قاچۇرۇپ قويماڭلار! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

بۇ كارامەتنى كۆرگەن ۋەزىر-ۋۇزرالار، ئەمەلدارلار پا-

دىشاھنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

—ئالىيلىرى، بۇ دۇنيادا ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشقا يېتەلىگەن كىم بار؟ بۇ شاھزادە ئەمەس، بىر جادۇگەر



ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىگە-
نىنىڭ ئۆزى چوڭ بەخت. دەرھال ئوردىغا قايتايلى! —
دەپتۇ.

كۆڭلى غەش بولغان پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ
مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە بەيگە مەيدانىدا كۆرگەنلە-
رىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھزادى-
دىن ئايرىلىپ ھەسرەتتە قالغان مەلىكىنىڭ كۆزىدىن ياش
قۇرۇماپتۇ. شاھزادىنىڭ پىراقىدا ئاخىر ئۇ ئاغرىپ يېتىپ
قاپتۇ. مەلىكىنىڭ ھالىدىن يۈرىكى پۇچىلانغان پادىشاھ:

— قىزىم، ئۇ جادۇگەرنىڭ زىيان - زەخمىتىدىن يى-
راق تۇرغىنىمىزنىڭ ئۆزى تەلىيىمىز، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ نەسىھەتلىرىمۇ
مەلىكىگە كار قىلماپتۇ.
شاھزادىنىڭ دەردىدە مەلىكە
ئاش - تاماقتىن قاپتۇ، كېچە-



كۇندۇز كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ، بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ
ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئىچىدە بىلىپ مەلىكىگە چاز-
دۇرماي چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى
بېرىپتۇ.

شاھزادە ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىۋېلىپ خەتەردىن قۇتۇ-
لۇپتۇ. ئۇ تېخىمۇ تېز ئۇچۇپ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە
پارسقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاسمىنىدا نەچچە
قېتىم ئەگىپ ئۇچۇۋەتكەندىن كېيىن ئوردىنىڭ ئۆگزىسىگە
قونۇپتۇ، ئاتىسى چۇشۇپلا ئاتا-ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش
ئۈچۈن ئوردىغا قاراپ چېپىپ-
تۇ. شاھزادىدىن ئايرىلىپ



قالغىنىدىن قايغۇرۇپ، دەرد-ئەلەم چېكىپ ئۆلتۈرغان پادىشاھ ئوغلىنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگىنىدىن چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. ئۇلار كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىپ، بىر-بىرلىرىنىڭ دىدارىغا قېنىشقاندىن كېيىن شاھزادە ياغاچ ئاتنى ياسىغان ھېلىقى دانىشمەننىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ.

— ئىككىمىزنى بىر-بىرىمىزدىن ئايرىۋەتكەن ئۇ ئەبلەخنى زىندانغا تاشلىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.

شاھزادە شاھ ئاتىسىدىن ئۇ دانىشمەننىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى تىلەپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئاخىر ئۇ دانىشمەنگە ھۆرلۇك ئاتا قىپتۇ، ئەمما مەلىكىنى ئۇنىڭغا بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. دانىشمەن بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بوپتۇ، ئەمما پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ بولغانلىقى ئۈچۈن خاپىلىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆزىنى تېشىغا چىقىرالماپتۇ.

شاھزادە ئۆزىنىڭ سامائى دۆلىتىدە مەلىكە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى ھەمدە بېگە مەيداندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى شاھ ئاتىسىغا ئېقىتماي-تېمىتماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا ئەمدى ئۇنداق تەۋەككۇلچىلىك قىلمىغىن، دەپ نەسىھەت قىپتۇ ۋە:

— ئۇ پادىشاھنىڭ سېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى بولسا ئاللىقاچان جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتىڭ. ئەجىلىڭ توشماپتىكەن، ساق-سالامەت قايتىپ كەپسەن، — دەپتۇ.

لېكىن، شاھزادە سامائى دۆلىتىنىڭ مەلىكىسىگە بولغان سېغىنىشنى ھېچقانداق قىلىپ باسالماپتۇ. ئۇ ئاخىر چىدىماي ئاستا ئۆگزىگە چىقىپتۇ-دە، ياغاچ ئاتقا مىنىپلا سامائىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا شاھزادە كۆرۈنمىگۈدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ قاراپ بېقىپتۇ، قارىسا ئاتمۇ يوقمىش.

ئوغلىنىڭ يەنە ياغاچ ئاتنى مىنىپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن پادىشاھ ياغاچ ئاتنى تىقىپ قويمىغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ.

ياغاچ ئاتقا مىنگەن شاھزادە توختىماستىن ئۇچۇپ سامائى ئېلىگە يېتىپ كەپتۇ. دەسلەپ قونغان يېرىگە قونۇپ ئاتتىن چۈشۈپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مەلىكىنىڭ ئارامگاھىغا كەپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە ئىنسۇجىنمۇ



يوقمىش. شاھزادە ئوردىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىر مەلىكە ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ھۇجرىغا كىرىپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ كېسەللىكىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ، ھېچنېمىگە قارىماي ئېتىلىپ كىرىپتۇ. شاھزادىنى كۆرگەن مەلىكە تىترىشىپ - تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ، شاھزادىگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن:



— نېمىشقا مېنى تاشلاپ كېتىسىز؟ سىزسىز بۇ كۆڭلەر ماڭا ھارام ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن بىلەن بىللە يۇرتۇمغا كېتىڭ، — دەپتۇ شاھزادە.

— جېنىم بىلەن، — دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ مەلىكە.

مەلىكىنىڭ رازى بولغىنىدىن تولىمۇ شادلانغان شاھزادە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆگزىگە ئاچىقىپتۇ، ئاندىن ئۇنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ پارسقا قاراپ ئۇچۇپتۇ. مەلىكىنىڭ شاھزادىنىڭ ئېتىغا مىنگىشىپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن كېنىزەكلەر ئاللا - توۋا سېلىشىپ، پادىشاھقا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئوردىغا قاراپ چېپىپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ بىلەن خانىش تېپىرلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئوردىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاسمانغا قارىسا، مەلىكە غېمىدە يوق شاھزادىنىڭ ياغاچ ئېتىنىڭ ئالدىغا مىنگىشىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىمىش.





بۇنى كۆرۈپ ئۇلار كۆككە بېقىپ:

— ئى شاھزادە، بىزگە رەھىم قىلغىن! مەلىكىنى بىزدىن ئايرىۋەتمىگىن، بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن! —دەپ نالە قىپتۇ.

ئۇچۇپ خېلى يەرگە بارغان شاھزادە مەلىكىنىڭ پۇشايمان قىلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— ئاتا - ئانىڭىزدىن ئايرىلىش ئازابىغا چىدىمىسىڭىز، كەينىمگە يېنىپ سىزنى ئاپىرىپ قوياي، — دەپتۇ.

— كەينىڭىزدىن ئەگەشكىنىم ئەگەشكەن. سىزدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن، بىللە ياشايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

مەلىكىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان شاھزادە ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپ پارس دۆلىتىنىڭ

ئاسمىنىغا كەلگەندە شاھزادە ئۆز دۆلىتىنىڭ مەلىكىنىڭ دۆلىتىدىنمۇ كۈچلۈك، ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايەندە قىلىش ۋە مەلىكىنى ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئوردىغا ئەكىرىش ئۈچۈن، ئۇدۇل ئوردىغا چۈشمەي، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى چارباغقا چۈشۈپتۇ ۋە مەلىكىگە:

— سىز ۋاقىتىنچە مۇشۇ باغدا ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ. مەن شاھ ئاتام ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئېيتاي، ھۆرمىتىڭىزگە لايىق ئىززىتىڭىزنى قىلىپ ئوردىغا ئەكىرەيلى، — دەپتۇ.

شاھزادىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مەلىكىمۇ، ھەر نېمە بولسا ئوردىغا ئىززەت-ئابرۇيۇم بىلەن داغدۇغىلىق كىرىدىغان بولدۇم، دەپ ئىچىدە خۇش بوپتۇ. ئۇ شاھزادىگە:



— بولىدۇ، نېمە دېسىڭىز، شۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە مەلىكىنى چارباغدا قويۇپ، ئۆزى ئور-
دىغا شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ.

شاھزادىنىڭ ساق - سالامەت كەلگىنىنى كۆرگەن
پادىشاھ تولىمۇ خۇرسەن بوپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا چوڭقۇر
تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— شاھ ئاتا، مەن سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن
سامائى دۆلىتىنىڭ مەلىكىسىنى ئەكەلدىم. ئۇ ھازىر
چارباغدا قالدى. شاھ ئاتامنىڭ ئۇنى مەلىكىگە لايىق رەسىم -
قائىدە بىلەن ئوردىغا ئەكىرىشىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، مەن دەرھال مەلىكىنى داغدۇغىلىق كۈ-
تۈۋېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرەي، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن تەڭ پۈتۈن ئەل مەلىكىنى
كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. شاھزادىمۇ ئور-
دىدا تارىختىن بېرى ساقلىنىۋاتقان ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسى-
لەرنى ئاچىقتۇرۇپ مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىنى ياساپتۇ. ھەممە
تەييارلىقلار تەل بولغاندىن كېيىن ئۇ دەبدەبە بىلەن شە-
ھەردىن چىقىپ چارباغقا مېڭىپتۇ.

شاھزادە باغقا كېلىپ مەلىكە دەم ئېلىپ قالغان ئۆيگە
كىرسە مەلىكە يوقمىش. ھويلىغا چىقىپ قارىسا ياغاچ ئاتمۇ
غايىب بولغانمىش. بۇنىڭدىن شاھزادە قاتتىق چۆچۈپ كې-
تىپتۇ ۋە « توۋا، بۇ ياغاچ ئاتنىڭ سىرىنى مەلىكىگە
ئېيتمىغاندىمغۇ؟ ئۇ ئۇنى قانداق مىنىپ كەتكەندۇ؟ ئاتنى
ياسىغان دانىشمەن ئۇلارنى تاسادىپىي كۆرۈپ قېلىپ، ئۆچ
ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسىنى قوشۇپلا ئەكەتكەندىمۇ-
يا» دەپ ئويلاپتۇ.

شاھزادە باغۋەندىن :

— بىرەرىنىڭ چارباغقا كىرگىنىنى كۆردىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— باشقا كىشىنىڭ كىرگىنىنى كۆرمىدىم. پەقەت ياغاچ ئاتنى ياسىغان دانىشمەنلا ئەۋرىشكە يىغىمەن، دەپ كىرگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باغۋەن.

ئەسلىدە شاھزادە مەلىكىنى بۇ باغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەتكەندە، ياغاچ ئاتنى ياسىغان دانىشمەن باغقا ئەۋرىشكە ئالغىلى كىرىپتۇ. ئۇ ئەۋرىشكە يىغىۋاتقاندا، ئۇنىڭ دىمىغىغا تولىمۇ خۇشبۇي بىر پۇراق ئۇرۇلۇپتۇ. بۇ خۇش پۇراق ئەسلىدە مەلىكىنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان پۇراق ئىكەن. ئۇ شۇ خۇش پۇراقنى ھىدلاپ مېڭىپ مەلىكە دەم ئېلىۋاتقان ھۇجرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان، ئۆزى ياسىغان ياغاچ ئاتنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ كۈتۈلمىگەن خۇشاللىقتىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقان



دانىشمەن ياغاچ ئاتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يەرلىرىنى سىلاشتۇرۇپ كۆرۈپ، ھەممە قىسىملىرىنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئىچىگە جىن چۈشۈپتۇ. « بۇ ئەبنوس ياغىچىدىن ئۆزۈم ياسىغان ئات. بۇ مېنىڭ ئېتىم بولغاندىكىن، نېمىشقا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى مىنىپ قېچىپ كەتمەيمەن؟» دەپ ئويلاپتۇ دانىشمەن.

ئۇ ئاتقا ئارتىلىپ بولۇپ توختاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ خىيالىغا: « شاھزادە بۇ ئاتنى بۇ يەردە قويۇپ قويغان يەردە، ئەكەلگەن باشقا نەرسىلىرىنىمۇ چوقۇم ئاشۇ ھۇجرىنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويىدى. شۇڭا، كىرىپ بىر قاراپ باقمىسام بولمايدۇ» دېگەن ئوي كەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دانىشمەن ئاتنى تاشلاپ قويۇپ ھۇجرىغا كىرىپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن شۇنداق قارىسا، ئاي دېسە يۈزى بار،



كۈن دېسە كۆزى بار بىر پەرىزات ئولتۇرغۇدەك. ئۇ ئۇنىڭ شاھزادىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان مەلىكە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بىلىۋاپتۇ ـ دە، دەرھال مەلىكىنىڭ ئالدىدا تىزلە-نىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئامانلىق سوراپتۇ.

مەلىكە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان، ئادەمنىڭ ئۆچلۇ-كى كەلگۈدەك بەتبەشىرە، سەت قېرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— مەلىكەم، مەن شاھزادىنىڭ خاس خىزمەتكارى. ئۇ سىزنى داغدۇغا بىلەن ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا مېنى سىزنى شەھەر سېپىلىغا يېقىن بىر باغقا ئا-پىرىپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى، — دەپتۇ دانىشمەن.

ئىش كۆرمىگەن ساددا مەلىكە ئۇنىڭ گېپىگە ئىشى-نىپ قاپتۇ ـ دە:

— ئى مويسىپىت، ئۇ يەرگە قانداق بارىمىز؟ مىن-گۈدەك بىرەر ئۇلاغ ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئى مەلىكەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دانىشمەن، — سىز مىنىپ بۇ يەرگە كەلگەن ياغاچ ئات بارغۇ؟ هازىرمۇ شۇ ئاتقا مىنىپ ئۇ يەرگە بارىسىز، ئاتنى مەن هەيدەيمەن.

دانىشمەن گېپىنى تۈگىتىپ ئاتقا مىنىپتۇ، مەلىكە ئۇنىڭ كەينىگە مىنگىشىپتۇ. دانىشمەن ئاتنىڭ قۇلىقىنى شۇنداقلا بۇراپتىكەن، ئات ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ. ئاخىر بېرىپ يەردىكى نەرسىلەرمۇ ئېنىق كۆرۈنمەي قاپتۇ. دانىشمەننىڭ هىيلە ـ مىكرىنى شۇ چاغقىچىمۇ بىلەلمىگەن مەلىكە ئۇنىڭدىن:

— ئەي مويسىپىت، سىز مېنى شاھزادە ئەۋەتتى، دې-گەنىدىڭىز، شاھزادە ئۆزى زادى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.

دانىشمەن توڭلۇق بىلەن:

— شاھزادە ئۈچىغا چىققان پەسكەش نېمە! مانا ئەمدى خوپ بولدى، ئۇ جازاسىنى تارتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ۋۇ، ئۆلۈمگە لايىق غالچا! شاھزادىنىڭ پەرمانىغا قارشى چىقىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلدىڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ مەلىكە غەزەپتىن تىترىگەن ھالدا.

— ئۇ مېنىڭ خوجايىنىم ئەمەس، — دەپ مەلىكىگە رەددىيە بېرىپتۇ دانىشمەن، — مەن بۇ ئاتنىڭ ئىگىسى، ئۇنى مەن ياسىغان. بىراق، ئۇنى شاھزادە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ مىنىپ قېچىپ كەتتى. ئۇنى ئەمدى قايتۇرۇۋالىمەن، ئاتقا قوشۇپ سىزنىمۇ ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالىمەن.

دانىشمەن ياغاچ ئاتنى ھەيدەپ



يۇنانغا بېرىپتۇ ۋە سۇلىرى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، ئەت-
راپىنى بۇك - باراقسان دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان بىر تۇزلەڭ-
لىككە چۈشۈپ ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن تۇرغۇدەك بىرەر
جاي تاپماقچى بوپتۇ.

ئۇ كۈنى يۇنان پادىشاھى ۋەزىر - ۋۇزرا، بەگ - ئەمەلدارلى-
رىنى ئېلىپ شىكارغا چىققانىكەن. ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ، دەم ئېلىپ ئولتۇرغان دانىشمەن بىلەن مەلى-
كىنى ۋە ياغاچ ئاتنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە نۆكەرلىرىگە ئۇلارنى
تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. دانىشمەن قىلچە تەييارلىقسىز
تۇرغاچقا، ئامالسىز نۆكەرلەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ.

پادىشاھ مەلىكىنىڭ ئايدەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى،
دانىشمەننىڭ تولىمۇ بەتبەشىرە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران
قاپتۇ. شۇڭا ، ئۇ مەلىكىدىن:



— خېنىم، بۇ بوۋاي نېمىگىز بولىدۇ؟ — دەپ سو-راپتۇ.

— ئۇ مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دانىشمەن مەلىكە ئېغىز ئاچقۇچە.

مەلىكە ئۇنىڭ گېپىنى شۇ هامان يالغانغا چىقىرىپ:

— ئۇنداق ئەمەس، ئالىيلىرى، ئۇ مېنىڭ ئېرىم ئە-مەس، ئۇنى پەقەت تونۇمايمەن. ئۇ مېنى بۇ يەرگە مەجبۇرىي ئەكەلدى، — دەپتۇ.

مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپكە كې-لىپ لەشكەرلىرىگە دانىشمەننى ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.

مەلىكىگە ئىچى ئاغرىپ تۇرغان لەشكەرلەر پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغان هامان دانىشمەننى دۇم ياتقۇزۇپ راسا ئۇرۇپتۇ. ئۇنى شۇنچىلىك ئۇرۇپتىكى، ئۆلۈپ كەتكىلى قىل قاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ مەلىكە بىلەن ياغاچ ئاتنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ. ئۇ ياغاچ ئاتنى هەيدەش تۇگۇل، ئۇنىڭ قانداق رولى بارلىقىنىمۇ ئەسلا بىلمەيدىكەن.

مەلىكە ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن هىجران ئازابىغا چىدىمىغان شاهزادە ئۇنى تېپىپ كېلىشكە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. چۆل جەزىرە، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپتۇ. شەھەرلەردە توختاپ مەلىكىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىپتۇ. ئەمما، هېچكىم مەلە-كىنىڭ بار يېرىنى دەپ بېرەلمەپتۇ. ئۇ ئۇلاردىن ئەبنۇس ياغىچىدىن ياسالغان ياغاچ ئاتنىڭ خەۋىرىنى سۈرۈشتە قىپ-تىكەن، ئاڭلىغۇچىلار هەيران بولۇپ ياقىلىرىنى تۇتۇپتۇ هەم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ. بۇنىڭلىقا شاهزادە بىلىنى قو-يۇۋەتمەپتۇ، ئۇ مەلىكىنى تاپماي قويمايمەن، دېگەن نىيەتكە كەپتۇ.

ئىزدە، ئىزدە، نۇرغۇن ئاي - كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇ

نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپتۇ، ئەمما مەلىكىنىڭ قىلچە دېرىكىنى ئالالماپتۇ.

شاھزادە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىر يۇنانغا كېپ-قاپتۇ. ئۇ قونۇش ئۈچۈن بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. كەچتە بىرنەچچە سودىگەرنىڭ سۆھبىتى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر سودىگەر:

— بۇرادەرلەر، مەن پايتەختكە كىرىپ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئاجايىپ غەلىتە بىر ۋەقەنى ئاڭلاپ قالدىم. بىر كۈنى پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ، بىر دەرەخزارلىقتا تولىمۇ سەت بىر قېرى بىلەن بەكمۇ گۈزەل بىر قىزنى ئۇچرىتىپ



قاپتۇ. ئۇلارنىڭ قېشىدا يەنە ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئەب-نۇس ياغىچىدىن ياسالغان بىر ياغاچ ئاتمۇ بار ئىكەن. ھې-لىقى سەت قېرى ئۆزىنى گۈزەل قىزنىڭ ئېرىمەن دەۋاپتى-كەن، ئۇ قىز ئۇ مېنىڭ ئېرىم ئەمەس، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇ قېرىنى ئۇرۇپ زىندانغا تاشلاپتۇ. لېكىن، ھېلىقى قىز بىلەن ياغاچ ئاتنىڭ بار يېرىنى ھېچكىم ئۇقمايدىكەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ شاھزادىنىڭ قاراڭغۇلۇق باسقان كۆڭلى ۋال-لىدە يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇ سودىگەردىن شەھەرگە بارىدىغان يولنى ۋە پادىشاھنىڭ نامىشەرىپىنى سورىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، شاھزادە پايتەختكە قاراپ يول ئاپتۇ. شەھەر دەرۋازىسىغا كەلگەندە نۆكەرلەر ئۇنى توسۇپ شەھەرگە كىرگۈزمەپتۇ. بۇ دۆلەتنىڭ قائىدىسى



بۇيىچە شەھەرگە كىرىدىغانلار قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ، تىزىمغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن شەھەرگە كىرەلەيدىكەن. بەك قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە ئۇ رەسمىيەتلەرنى ئۆتىگىلى بولمايدىكەن، شۇڭا نۆكەرلەر شاھزادىنى بىر كېچە تۇرۇپ تۇرسۇن دەپ زىندانغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. گۇندىپاي شاھزادىگە ئۆزىچە ئامراق بولۇپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ شاھزادىنىڭ پارس ئېلىدىن كەلگىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ تۇتۇۋالغان بىر پارس قېرىنىڭمۇ مۇشۇ زىنداندا ئىكەنلىكىنى، ئۇ قېرى بىللە ئەكەلگەن قىزغا پادىشاھنىڭ كۆيۈپ قالغانلىقىنى، لېكىن ئۇ گۈزەل قىز ساراڭ بولۇپ قالغاچقا، پادىشاھ ئۇنى ساقايتىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن ئۇستا تېۋىپلارنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاھزادە كۆڭلىگە بىر ئىشنى



پۇكۇپتۇ. ئەتىسى شەھەر سىپىلىنى ساقلايدىغان نۆكەرلەر شاھزادىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇ-نىڭدىن:

— قەيەردىن كەلدىڭ؟ ئىسمىڭ نېمە؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دېگەندەك سوئاللارنى سوراپتۇ.

شاھزادە پىلانى بويىچە:

— ئىسمىم خالىس، ئېلىم پارس، ئۆزۈم تېۋىپ بولىمەن. جاھاندىكى جىمى كېسەلنى داۋالاپ ساقايتالايمەن. مې-نىڭ قولۇمدا شىپا تاپمايدىغان كېسەل يوق، — دەپتۇ.

شاھزادىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان پادىشاھ خۇش بو-لۇپ كېتىپتۇ.

— ھۆرمەتلىك تېۋىپ، بىزگە سىزدەك ئۇستا تېۋىپ بەكمۇ كېرەك ئىدى، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئۇ شاھزادىگە مەلىكىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سۆز-لەپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنىڭ ساراڭلىقىنى ساقايتالىسىڭىزلا، نېمە ئالىمەن دېسىڭىز شۇنى بېرىمەن.

— ئۇنىڭ كېسىلىنى چوقۇم داۋالاپ ساقايتىمەن، — دەپتۇ شاھزادە چاندۇرماي ، — ماڭا بىر ئىشنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، ئۇلار مىنىپ كەلگەن ھېلىقى ئات ھازىر قەيەردە؟

— ئۇنى قەسىرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆيگە قو-يۇپ قويدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھ.

شاھزادە ئىچىدە: «ئالدى بىلەن ياغاچ ئاتنى كۆرۈپ بېقىشىم كېرەك. ناۋادا ئۇ ساق بولسا، بۇ پىلانىم ئەمەلگە ئاشىدۇ، بىرەر يېرى بۇزۇلغان بولسا، باشقىچە ئىش تۇتۇ-شۇمغا توغرا كېلىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، پادىشاھقا:

— ئالىيلىرى، ئالدى بىلەن ئاشۇ ياغاچ ئاتنى كۆرۈپ باقايمىكىن دەيمەن. ئۇ قىزنىڭ كېسەل سەۋەبىنى شۇنىڭغا

قاراپ بىلىۋالسام ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.
پادىشاھ ماقۇل بولۇپ، شاھزادىنى ياغاچ ئات بار يەرگە باشلاپ بېرىپتۇ. شاھزادە ئۇنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ بېقىپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرىنىڭ ساقلىقىنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇشال بوپتۇ. ئۇ پادىشاھقا:
— ئەمدى بېرىپ قىزنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا باشلاي. ئىلاھىم، ئۇ مېنىڭ قولۇمدا شىپا تاپقاي، — دەپتۇ.
ئارقىدىن ئۇلار مەلىكە تۇرغان يەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ ئالدىغا سۆزلەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپتۇ. ئەسلىدە، ئۇ پادىشاھنىڭ چاكارلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغاندىن ساراڭ بولۇۋالغانىكەن. شاھزادە مەلىكىنىڭ بۇ قىلىقىنىڭ تېگى - تەكتىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى، بۇنى سوراپتۇ. مەلىكىمۇ



شاھزادىنى تونۇپ بىرلا چىرقىراپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

مەلىكىنىڭ ھوشىدىن كەتكىنىنى ئۆزىدىن قورققانلىق دەپ بىلگەن پادىشاھ ئاستا كەينىگە يېنىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:

— بىز بۇ يولۋاس ئۇۋىسىدىن ئۇستىلىق بىلەن قېچىپ چىقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ. مەن پادىشاھقا بۇ قىزغا جىن چاپلىشىپتۇ، ئۇنى داۋالاپ ساقايتالايمەن، دەيمەن. ئۇ كىرگەندە خېلى ساقايغان قىياپەتكە كىرىۋېلىڭ، نېرىسىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

شاھزادە پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:



— ئالىيلىرى، مەن ئۇنىڭغا دورا قىلىۋېدىم، ئۇ خېلى تۇزىلىپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتمەيدۇ. سىز كىرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويىسىڭىز، ئۇ تېخىمۇ ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ يۇگۇرگەندەك مېڭىپ مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ. مەلىكىمۇ ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۇتۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ خېلىلا ساقىيىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ ۋە دېدەكلەرگە ئۇنىڭ ھالىدىن كېچە - كۇندۇز ياخشى خەۋەر ئېلىشىنى تاپىلاپتۇ. ئۇ شاھزادىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۇرۇپ:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ تۆھپىڭىز، مەن سىزگە كۆپ ئىنئاملارنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ شاھزادە، — ئۇنى سەللىمازا ساقايسۇن دېسىڭىز، يەنە بىر ياخشى ئامال بار. ئۇ بولسىمۇ، ئالىيلىرى ئۇ قىزنى، ياغاچ ئاتنى ۋە ۋەزىر - ۋۇزرا، لەشكەرلىرىڭىزنى ئېلىپ قايسى كۇنى شىكارغا چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنى ئۇچراتقان يەرگە بېرىڭ. مەن ئۇ يەردە قىزغا چاپلاشقان جىننى ئەپسۇن ئوقۇپ يوق قىلىۋېتەي. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ قىزنىڭ ساق - سالامەت تۇرۇشىغا كېپىللىك قىلغىلى بولىدۇ.

— بۇ ناھايىتى ياخشى چارە ئىكەن. شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، — دەپتۇ پادىشاھ دەرھاللا.

ئاندىن ئۇ قىزنى، ياغاچ ئاتنى ئېلىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ھېلىقى يەرگە بېرىپتۇ. ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك تەق بولغاندىن كېيىن، شاھزادە پادىشاھقا:

— ئالىيلىرىنىڭ بۇ قىزغا چاپلاشقان جىنلارنى قوغلاش ئۇچۇن، ئىسرىق سېلىپ، ئەپسۇن ئوقۇشۇمغا رۇخسەت قىلىشىڭىزنى سورايمەن. جىنلارنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن



مەن ياغاچ ئاتقا مىنىپ كەينىمگە ئۇ قىزنى مىنگەشتۈرۈپ، ئاتنى ھەيدەپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا بارىمەن. شۇ چاغدا، ھەممە ئىش ئۆز ئورنىغا چۈشىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭ مەلىكىگە چاپلاشقان جىنىنى قوغلىۋېتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن شاھزادە شاققىدە ياغاچ ئاتقا مىنىپتۇ-دە، كەينىگە مەلىكىنى مىنگەشتۈرۈپ، ياغاچ ئاتنىڭ قۇلىقىنى بىرلا بۇراپ ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىنى ساقلاپ خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ بېقىپتۇ، ئەمما شاھزادە بىلەن مەلىكە چۈشمەپتۇ. تولا ساقلاپ ئاخىر ئۈمىدى ئۈزۈلگەن پادىشاھ ئادەملىرىنى باشلاپ ئوردىغا

قايتىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە مەلىكىنى ئېلىپ، ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئۇدۇل پارس ئېلىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇ مەلىكىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرلانغان قەسىرگە قويۇپ، ئۆزى شاھ ئاتىسى بىلەن خانىش ئانىسىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، مەلىكىنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا كۆرگەن بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇنىڭدىن چەكسىز شادلىققا چۆمگەن پادىشاھ بىلەن خانىش پۈتۈن ئەلگە قىرىق كېچە-كۈندۈز توي بېرىپ شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ.

شاھزادە سامائى پادىشاھىغا نۇرغۇن ئىنئاملارنى ئەۋەتىپ، مەلىكە بىلەن توي قىلغانلىق خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پارس بىلەن سامائى دۆلىتىنىڭ دوستانە بېرىش-كېلىشى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ.

كېيىن شاھزادە شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، دۆلەتنى ئادىل ئىدارە قىلىپ، خەلقنى باياشات، بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە قىپتۇ.



# ئەقىللىق بېلىقچى

بۇرۇنىڭ بۇرۇنىسىدا، يىراق بىر ئەلدە خۇسراۋ ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئەتراپى دېڭىز بىلەن ئورالغان بولۇپ، پايانسىز دېڭىزدىن ئاجايىپ ئەتىۋارلىق ۋە ئېسىل نازۇنېمەتلەر چىقىدىكەن. شۇڭىنىسى پادىشاھ بېلىقتىن باشقا جانىۋارنى ئاغزىغا سالمايدىكەن. ئۇ بېلىققا شۇنچىلىك ھېرىس ئىكەنكى، ئۇنىڭ بىرەر ۋاخلىق تامىقىدا بېلىق بولماي قالسا، ئۇ كۈندىكى تاماق ئۇنىڭ ئۇچۈن ھارام بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كوچا ـ كويلارغا جاكارچىلارنى ئەۋەتىپ، كىمكى ئۆزىگە يېيىش تۈگۈل، كۆرۈپمۇ باقمىغان بېلىقنى تۇتۇپ تارتۇق قىلسا، ئۆزىنىڭ شۇ كىشىگە كاتتا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

ھەممىدىن قىزىق يېرى، خانىش بېلىققا شۇنچىلىك ئۆچكەنكى، بېلىققا ئۆچلۈكىدىن بېلىقلارنىمۇ شۇنداق يامان كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى، بىر بېلىقچى نامى نامەلۇم بىر بېلىقنى تۇتۇپ كېلىپ پادىشاھقا تارتۇق قىپتۇ. خۇش بولۇپ كەتكەن پادىشاھ ئۇنىڭغا تۆت مىڭ تەڭگە ئىنئام قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خانىشنىڭ غەزەپتىن چىشلىرى گەز ـ گەز بولۇپ كېتىپتۇ ۋە بېلىقچىدىن بۇ تىللالارنى ھەر باب بىلەن تارتىۋېلىپ، ئۇنى قاقسەنەم قىلىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. لېكىن، بېلىققا كەلگەندە پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭ

گېپىگە قۇلاق سالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىكەن. شۇڭا، ئۇ چاندۇرماستىن پادىشاھقا:

— بۇ ھەقىقەتەنمۇ كەم تېپىلىدىغان بېلىق ئىكەن. لېكىن، بىر بېلىقنى دەپ بېلىقچىغا شۇنچە كۆپ تىللانى ئىنئام قىلىۋەتسىڭىز، كېيىن ۋەزىرلەر خىزمەت كۆرسەتسە، ئۇلارنى نېمە بىلەن تارتۇقلايمىز؟ ئۇلارنىمۇ ئاشۇنچىلىك تىللا بىلەن تارتۇقلىسىڭىز، ئۇلار بىزنى بىر بېلىقچىنىڭ قاتارىدا كۆردى، دەپ سىزدىن ئاغرىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاز تىللا بىلەن تارتۇقلىسىڭىز، بىر بېلىقچىچىلىك كۆرمىدى، دەپ قورساق كۆپۈكى قىلىشىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ خانىشنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇيۇ، بېلىقچىدىن ئۇ تۆت مىڭ تىللانى قانداق قايتۇرۇۋېلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ـ دە! ئېيتقان سۆز — ئاتقان ئوق. ئۇنى ياندۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. بېلىقچىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، ساڭا بەك جىق پۇل بېرىۋېتىپتىمەن، يېرىمىنى قايتۇرۇپ بەر، دېسە، ئۆزى-
نىڭمۇ، ئوردىنىڭمۇ ئابرۇيىغا



تەسىر يېتىدۇ، ئەلۋەتتە.

پادىشاھنىڭ جىمىپ كەتكىنىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئىند-
دەككە كەلگىنىنى پەملىگەن خانىش قورسىقىدا ئاللىقاچان
پىشۇرۇپ بولغان ھىيلە-نەيرىڭىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇ
پادىشاھقا شۇنداق دەپتۇ:

— بىز بېلىقچىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن:
ئەكەلگەن بېلىقىڭ ئەركەكمۇ، چىشى ؟ دەپ سورايلى. ئەگەر
ئۇ ئەركەك دەپ جاۋاب بەرسە، سىز بۈگۈن چىشى بېلىق
يېگۈم بار ئىدى دەڭ، ئەگەر چىشى بېلىق دەپ جاۋاب بەرسە،
ئەركەك بېلىق يېگۈم بار ئىدى دەڭ. ئۇ چاغدا ئۇ نېمىدەپ
جاۋاب بەرسىمۇ خاتا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز، تىللالارنى



قويۇپ بېلىقىڭنى ئەكەت، دەڭ.

پادىشاھ بۇنداق قىلغاندا بېلىقچىغا ئۇۋال بولىدىغانلى-
قىنى ھېس قىلغان ھەمدە ئۇ بېلىقنى قولدىن چىقىرىشقا
كۆزى قىيمايۋاتقان بولسىمۇ، خانىشنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا تا-
قابىل تۇرالماستىن بېلىقچىنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ-دە،
ئۇنىڭدىن، بېلىقنىڭ چىشىمۇ، ئەركەك؟ دەپ سوراپتۇ.

بېلىقچى تولىمۇ ئەقىللىق، چېچەن ئادەم ئىكەن. ئۇ
شۇ ھامان بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ-دە، پادىشاھقا ئىز-
زەت-ئىكرام بىلەن:

— ئالىيلىرىنىڭ خانىش بىللە بۇ بېلىقنىڭ
ئەركەكمۇ ئەمەس، چىشىمۇ ئەمەس، ئىككى جىنسلىق بېلىق
ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىزنىڭ بۇ
سوئالنى سورىشىڭىز مېنى مۇنداقلا سىناپ بېقىش ئۈ-
چۈن، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ.



بېلىقچى-
نىڭ جاۋابىنى
ئاڭلىغان خا-
نىشنىڭ زۇۋانى
تۇتۇلۇپ كې-
تىپتۇ. شۇ تاپتا
ئۇ بېلىقچىنىڭ
دېگەنلىرى-
نى خاتا
دېسە،
ئۆزىنىڭ
دۆتلۈكىنى

ئېتىراپ قىلغان بولۇپ قالىدىكەن. دېمىسىمۇ ئۇ بېلىقنىڭ ئەركەك، چىشىسىنى ھەرگىزمۇ ئايرىيالمايدىكەن.

پادىشاھ بېلىقچىنىڭ جاۋابىدىن سۆيۈنۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە بېلىقچىغا يەنە تۆت مىڭ تىللا ئىنئام قىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇنداق ئەقىللىق بېلىقچىنى ئۇچ-رىتىشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىكەن.

بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە بۇنداق قوشلاپ ئامەت كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بېلىقچىنىڭ شادلىقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ.

شۇغىنىسى، ئۇ خالتىدىكى تىللالارنى يەردىن ئېلىش ئۇچۇن شۇنداق ئېگىشىشىگە، يانچۇقىدىن بىر تىللا چۈشۈپ دومىلاپ كېتىپتۇ. بېلىقچى ئۇ تىللانى تۇتۇۋېلىش ئۇچۇن ئۇنى قوغلاپ يۈرگەن شۇ پەيتتە، خانىش يەنە بىر ھىيلە-مىكىر ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ پادىشاھقا:

— قاراڭە، ئۇ ئۇچىغا چىققان خەسىس ئوخشايدۇ. لىق بىر خالتا تىللاسى تۇرۇپ يەنە بىر تىللا ئۇچۇن يەردە ئۆ-مىلەپ يۈرىدۇ. خەزىنىنىڭ پۇلىنى مۇشۇنداق بېخىل ئادەم-لەرگە بېرىپ بۇزغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ — دەپتۇ.

خانىشنىڭ گېپى بىلەن تەڭ پادىشاھنىڭ يەنە قوشۇ-مىسى تۈرۈلۈپتۇ. ئۇ دەرغەزەپكە كېلىپ بېلىقچىنى راسا ئەيىبلەشكە تەمشىلىشىگە، بېلىقچى گۇپلا قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپتۇ- دە:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، مەن بىر تىللاغا ئۇنچە قىلىپ نېمىمۇ قىلارمەن؟ بىراق، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن تىللانىڭ بىر تەرىپىگە سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىز، يەنە بىر تەرىپىگە ئەتىۋارلىق رۇخسارىڭىز چۈشۈرۈلگەچكە، ئۇنى يەردىن ئېلىپ سۈرتۈۋېتەي دەپ شۇنداق قىلدىم. ئۇنىڭغا قونغان زەررىچە توپا- چاڭمۇ ئۆزىڭىزگە قىلىنغان چوڭ

ئاھانەت ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىچ - ئىچىدىن قايىل بوپتۇ. ئۇ شۇنچە يىل ياشاپ بۇنداق ئەقىللىق بىلىقچىنى زادى كۆرۈپ باقماپتىكەن، شۇڭا ئۇ خانىشقا:

— قارىغا ئۇنىڭ چىچەنلىكىگە. ئۇنىڭغا بەرگەن ئىنئام ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىمىز ئىچىدە ئۇنىڭدەك ئەقىللىقتىن نەچچىسى بار دەيسىز، — دەپتۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن پادىشاھ نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولغاندەك ھېسسىياتقا كەپتۇ. ئۇ دائىم دېگۇدەك ۋەزىرلىرىگە، ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوردىدا بولۇشى ناتايىن، دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي قىلىپ تۇرىدىكەن. خانىشمۇ بۇ ئىشتىن ساۋاق ئېلىپ، ئاددىي ئادەملەرنى ئەمدى كەمسىتمەيدىغان بوپتۇ.



# مۈشۈك بىلەن چاشقاننىڭ ھېكايىسى

كەچ كۈزنىڭ بىر يامغۇرلۇق كېچىسى ئىكەن. يامغۇر ئارىلاش چىقىۋاتقان سوغۇق شامال ئادەملەرنىڭ جان-جىنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار تېزرەك ئۆيلىرىگە بېرىپ ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئوتسىنىشقا ئالدىراپ، يەكتەكلىرىگە مەھكەم يۆگىنىپ، باشلىرىنى ئىچىگە تىققىنىچە ھېچنېمىگە قارىماي ئالدىراش مېڭىپتۇ.

مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز كېچىدە، بىر قېرى مۈشۈك تالادا يالغۇز قاپتۇ. مۇزدەك يامغۇر ئۇنىڭ ئۈستىگە تاراسلاپ چۈشۈپتۇ، سوغۇقتىن ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ كېتىپتۇ.



ھەممىدىن يامان يېرى، ئۇ ئەتىگەندىن تا ھازىرغىچە ئاغزىغا گىياھ سالمىغاچقا، سوغۇق ئۇنىڭغا بەكرەك ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئاشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان بىر چاغدا، تەلىيىگە بىر توپ دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى كامارغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ كامارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئاستا پۇراپ بېقىپتىكەن، چاشقاننىڭ ھىدى كەپتۇ.

چاشقان گۆشىنى مەززە قىلىپ يېيىشنى ئويلاپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىپ كېتىپتۇ. مۈشۈكنىڭ كامارنىڭ بېشىدا ماراپ ياتقىنىنى كۆرگەن چاشقان ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، دەرھال كامارنىڭ ئاغزىغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. چاشقاننى تۇتۇشنىڭ ھېچ ئامالىنى تاپالمىغان مۈشۈك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئاخىر بىر ئەقىل تېپىپتۇ. ئۇ كامارغا ئاغزىنى يېقىپ تۇتۇپ، تولىمۇ زەئىپ ئاۋاز بىلەن:

— ئى سۆيۈملۈك چاشقانجان، مەندەك قىيىن كۈنگە قالغان بىر بىچارە مۈشۈككە ئىچىڭمۇ ئاغرىمامدۇ؟ مەن قېرى ھەم ئاغرىقچان بىر ئاجىز، مۈشۈنداق ئەسكى ھاۋادا پاناھلانغۇدەك يېرىممۇ يوق. ماڭا رەھىم قىلىپ كامارغا كىرگۈزەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بوسۇغاڭغا كەلدىم. مېنى ئۆيۈڭنىڭ تۆرىگە باشلىمىساڭمۇ، پەگاھقا بىرپارچە ئەسكى بورا سېلىپ بەرسەڭ، سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولۇپ كېتەتتىم. كونىلار: «باش تىققۇدەك ماكانى يوق بىچارە مۇساپىرلارنى ئۆيىدە قوندۇرۇپ ساۋاب ئالغانلار قىيامەتتە سوئال ـ سوراقتا ئۇچرىماي ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتقان. ئەي، مېنىڭ رەھىمدىل قېرىندىشىم، مېنى ئۆيۈڭدە قوندۇرۇپ ساۋاب ئالساڭ، ساڭا جەننەتنىڭ ئىشىكى داغدام ئوچۇق دېگەن گەپ. ئويلاپ باقە، بۇنداق

ياخشى پۇرسەت ساڭا كۈندە ئۇچراۋېرەمدۇ؟ — دەپ يىلدىزنىپتۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى پەسەنتىگىمۇ ئىلىپ قويمىغان چاشقان دىمىغىنى قىقىپ قويۇپ دەپتۇ:

— ھەرقانچە ياغلىما گەپ قىلغىنىڭ بىكار، ئەزەلدىن چاشقان بىلەن مۈشۈك بىر - بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ كەلگەن. مىڭ يىللاردىن بېرى سىلەر بىزنى يېيىش ئۈچۈن ئاز رەڭۋازلىق قىلدىڭلارمۇ؟ مەن سېنى ئۆيۈمگە كىرگۈزسەم، گۈزەل قىزنى شەھۋەتپەرەس ئادەمگە، ئالتۇن - كۈمۈشنى بىر گادايغا، قوزىنى بۆرىگە ساقلاشقا بەرگەندەك ئىش بولمامدۇ؟ دۈشمەن ھەرقانچە قېرىسا، ئاجىزلاپ كەتسىمۇ يەنىلا دۈشمەنلىكىدىن قالمايدۇ، سەنمۇ بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىزدىن دوستىمىزغا ئۆزگىرىپ قالمايسەن. شۇڭا، بۇ يەردىن ياخشىلىقچە كېتىۋال. سېنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق.

بۇ قېتىم ئەقىللىق رەقىبكە دۇچ كەلگىنىنى، ئۇنى ئالدام خالتىغا چۈشۈرۈشنىڭ قىيىنلىقىنى مۈشۈك پەملەپتۇ. لېكىن، ئۇ بۇ چاشقاننى ئەپلەپ - سەپلەپ قولغا چۈشۈرەلمىسە، بۇگۈن كېچىدىن ئۆتەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مۇشۇ ئۆمرىدە چاشقانلار بىلەن ئېلىشىپ، مۈشۈكنى يېڭىۋالغان چاشقاننى تېخى كۆرۈپ باقماپتىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ بىچارىلەرچە چىقىرىپ، ھاسىراپ تۇرۇپ:

— سەن نەقىل كەلتۈرگەن ھېكمەتلىك گەپلەرنى مەنمۇ بىلىمەن، چۈنكى بۇ مۈشۈكلەر دۇنياسىدا پات - پات بولىدىغان گەپلەر. بىراق، بۇگۈن مەن بۇ يەرگە باشقا بىر ھېكمەتلىك گەپنىڭ تۈرتكىسىدە كەلدىم. ئۇ بولسىمۇ: « بۇ دۇنيادا دۈشمىنىڭنى كەچۈرۈۋەتسەڭ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا خۇ-

دامۇ سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك گەپ. بۇ نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان گەپ ـ ھە! بۇ گەپنى ھەربىر ئاڭلىغىنىمدا قانچىلىك ھاياجانغا چۆمىدىغىنىمنى بىلسەڭ، كاشكى. شۇڭا ، بۇگۈن قېشىڭغا ئاشۇ مۇشۇك بىلەن چاشقان بىر ـ بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن دېگۈچىلەرگە ئىككىمىزنىڭ دوست بولۇپ كەتكىنىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويغىلى ئالاھىدە كەلدىم. كونىلاردا: «دۈشمىنىڭنى دوستقا ئايلاندۇراي دېسەڭ، ساۋابلىق ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدىن باشلا» دېگەن گەپ بار. جېنىم قېرىندىشىم، ئاللانىڭ نامىدا قەسەم ئىچىپ بېرىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئەڭ سادىق، ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ يېقىن دوستۇڭ بولۇپلا قالماستىن، يەنە باشقا مۇشۇكلەرنىڭ چاشقانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمەن، — دەپتۇ.

مۇشۇكنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسېرى چاشقاننىڭ چىشى قېرىشىپتۇ. ئۇ مۇشۇكتىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كېسىپلا:

— چىرايلىق گەپلىرىڭ ئەسقاتمايدۇ. سەن بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز مۇشۇك بولماي باشقا ھەرقانداق ھايۋان بولساڭ، مەن چوقۇم ياخشىلىق قىلاتتىم. كونىلار: « دۈشمىنىڭگە بىخەستەلىك قىلغىنىڭ، ئۆزۈڭنى يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تاشلاپ بەرگىنىڭ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. مېنىڭمۇ ساڭا ئىچ ئاغرىتقىنىم، ئۆزۈمنى ياۋۇز تىرناقلىرىڭ ئارىسىغا تاشلاپ بەرگەنگە ئوخشاش. يوقال! رەزىل مۇشۇك! جۇدۇن ـ سوغۇقتا، ئاچ ـ زېرىنلىقتا گۇناھلىرىڭغا توۋا قىل! سوغۇقتىن، ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ، سەن ئۈچۈن بىر تېمىم ياش تۆكمەيمەن. ھازىرقى كۆرۈۋاتقان كۈنۈڭ — دەل بىز چاشقانلارنى تۇتۇپ يېگىنىڭنىڭ جازاسى. سېنىڭ

گۈناھلىرىڭ ئۆلۈمگە لايىق، — دەپتۇ.
— ئەجەبمۇ زەھەرخەندە، رەھىمسىز نىمىكەنسەن،
باشقىلارغا قىلچىلىك ئىچ ئاغرىتىشنىمۇ بىلمەيدىكەنـ
سەن، —ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولغان مۈشۈك ئەڭ ئاـ
خىرقى ھىيلىسىنى ئىشقا ساپتۇ، — ئەلپازىمغا قاراپ باقـ
مامسەن. قېرىپ ھالىمدىن كەتتىم، چىشلىرىم گاللىشىپ،
تىرناقلىرىم داتلىشىپ، ئۇپراپ بىر يەرگە باردى. چاشقانلار
يېنىمدىن ئەركىن ـ ئازادە مېڭىپ ئۆتسىمۇ، ئۇلارغا ئېتىلـ
غۇدەك ماجالىم قالمىدى. مانا مۇشۇنداق بىر پۇتۇم گۆرگە
ساڭگىلىغان بىر چاغدا، سەن بىلەن ئەپ ـ ئىناق ئۆتۈش
نىيىتىگە كەلگىنىمنىڭ ئۆزى بارلىق چاشقانلارنىڭ ئالدىدا
قىلغان گۇناھلىرىمغا توۋا قىلىش ئۈچۈن. مەندەك قىيىن
كۈنگە قالغان قېرى
مۈشۈكنىڭ گېپىگە



ئىشەنمەيۋاتىسەن. مەن بۇ ئەلەملەرنى ئىچىمگە يۇتۇپ بو-
سۇغاڭدا جان بېرەي. سېنىڭ ئالدىڭدا چىن يۈرىكىدىن
چىقىرىپ توۋا قىلغان بىر دوستۇڭغا ياردەم قولۇڭنى سۇن-
ماي ئۇنى ئۆلۈمگە ئىتتىرسەڭ، خۇدا سېنى كەچۈرمەيدۇ!

مۈشۈكنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان چاشقان سەل ئې-
رىشكە ھەم قورقۇشقا باشلاپتۇ. چۈنكى، بىرىنىڭ ئۆلۈپ
كېتىشىگە قاراپ تۇرۇپ ئۇنى قۇتۇلدۇرماسلىقنىڭ ئۆزى
چوڭ گۇناھ ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىچىدە: « بوپتۇلا،
ئۇنىڭغا بىر رەھىم قىلىپ قوياي، ناۋادا ئۇ ياخشىلىقىمغا
يامانلىق بىلەن جاۋاب قاي-
تۇرغۇدەك بولسا ، خۇدا
مېنى ئۆز پاناھىدا
ساقلاپ قالار» دەپ
ئويلاپتۇ- دە، كامار-
نىڭ ئىشىكىنى ئې-
چىپ مۈشۈكنى
كىرگۈزۈپتۇ.



مۇشۇك چاشقاننىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ، پوتلا-ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يىغلاپ تۇرۇپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، كۆڭلىدە بولسا ئۇنى قانداق قولغا چۈشۈرۈشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپتۇ:

« بۇ چاشقانجان بەك زېرەكتەك قىلىدۇ. ئۇنى چوقۇم بىرلا قېتىم ئېتىلىپ تۇتۇۋېلىشىم، ئالدىمغا كەلگەن ئېسىل تائامنى قاچۇرۇپ قويماسلىقىم كېرەك» .

مۇشۇك يېتىپ ئارام ئېلىپ سەل ماغدۇرىغا كەلگەندىن كېيىن ئاستا سۈرۈلۈپ چاشقاننىڭ قېشىغا بېرىپتۇ-دە، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ئېتىلىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن چاشقان « چىر » لا قىلىپ كاماردىن قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ قېتىم مۇشۇك ئۆز رەقىبىنى سەل چاغلاپ قاپتۇ.



چاشقان مۇشۇكنىڭ ئالدىدا ئۇ ھەرقانچە ئاق كۆڭۈل مۇشۇك بولسىمۇ، ھوشيارلىقىنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويمايدىكەن.

مۇشۇك چاشقاننى ئېتىزمۇئېتىز، قىرمۇقىر قوغلاپ يۈرۈپتۇ. بىچارە چاشقانغا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بوپتۇ. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ مۇشۇكنى قارغاپ تىللاپتۇ:

— سەندىن ماڭا كەلگەن ۋاپا، ياخشىلىق مۇشۇمۇ؟ بايا قىلغان چىرايلىق گەپلىرىڭ بىلەن ئالدىمدىكى بىچارە قىياپىتىڭ نەگە كەتتى؟ كونىلار: «دۈشمىنىڭگە ئىشەنگىنىڭ، ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىنىڭ» دەپ بەكمۇ توغرا دەپتىكەن. سەندەك مەلئۇنغا، يالغانچى كاززاپقا ئىشەنگەندىكىن ماڭىمۇ ئاز! قالغىنىنى خۇدايىمغا قويدۇم. سەندەك ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەسكى مۇشۇكنى خۇدا ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، چوقۇم جاجاڭنى بېرىدۇ!

ھازىر مۇشۇكنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى قورسىقىنى تويدۇرۇش بولغاچقا، خۇدانىڭ جازالاش-جازالىماسلىقىدەك كېيىنكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك ھەپىلىسى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېلىنى ئېگىپ ئوقيا شەكلىگە كەلتۈرۈپ،



راسا تۇرۇلۇپ چاشقانغا ئېتىلماقچى بوپتۇ. بۇ زەربىدىن ئۆ-
زىنى ھەرگىز چەتكە ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن چاش-
قان بىچارە تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قاپتۇ.

دەل مۇشۇ خەتەرلىك پەيتتە، قاياقتىندۇر ئىت يېتىد-
لىگەن بىر ئوۋچى بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئوۋ ئىتىنى
كۆرگەن مۇشۇك قولغا كېلەي دەپ قالغان بىر ۋاخ تاماق —
چاشقانغىمۇ قارىماستىن پەرتتىدە تىكىۋېتىپتۇ. بىراق، ئۇ
تېخى ئانچە يىراققا بارمايلا ئىت ئۇنىڭغا يېتىشىۋاپتۇ-دە،
ئۇنى يەرگە بېسىۋاپتۇ.

چاشقان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كامىرىغا كىرىۋاپتۇ.
ئۇ مۇشۇكنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى چىرقىراشلىرىنى ئاڭلاپ
كۈلۈپ كېتىپ:

«توۋا، ‹بۇرۇن تاغ ئايلانسا، ھازىر بوسۇغا ئايلىنىدۇ›
دېگەن ھەقىقەتەن راست گەپ ئىكەن. كونىلار: ‹باشقىلارنى
ئاسرىساڭ باشقىلارمۇ سېنى ئاسرايدۇ، خەققە ئورەك كول-
ساڭ، كولىغان ئورىكىڭگە ئۆزۈڭ چۈشىسەن› دەپ بەك توغرا
ئېيتىپتىكەن» دەپتۇ.



# ئەمىر بىلەن ئىككى دەۋاگەر يىگىت

ئەقىللىق، رەھىمدىل بىر ئەمىر ئۆتكەنىكەن. ئۇ دۆ-لەتنى ئادىللىق، دانالىق بىلەن باشقۇرغاچقا، ۋەزىر - ۋۇزرا-لارنىڭ ھىمايىسىگە ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل ئىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ ئوردىدا ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئولتۇرسا، ئىككى يىگىت



مەردانە، سالاپەتلىك بىر كىشىنى سۆرىگىنىچە كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەمىرنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يىگىتلەرگە، «ئۇ كىشىنى قويۇۋېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئەمىر يىگىتلەردىن، ئوزايىدىن قىلچە يامانلىق چىقىپ تۇرمايدىغان ھەم ئۇلار بىلەن قارشىلىشىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيۋاتقان بىر ئادەمگە نېمىشقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

ئىككى يىگىت ئەمىرنىڭ ئالدىدا گۇپپىدە تىزلىنىپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى يىغلاپ تۇرۇپ بايان قىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ ئىككى يىگىتنىڭ دادىسى ئىشچان، قانائەتچان، ئاق كۆڭۈل باغۋەن ئىكەن. بۇگۈن سەھەردە ئۇ بېغىدا ئەمگەك قىلىۋاتسا، بىر توپ نەسلى ئېسىل تۆگە يېتىلىۋالغان بىر ئادەم بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇ ياقا يۇرتتىن كەلگەن كىشى بولۇپ، بۇ يەرگە مۇساپىر ئىكەن. ئۇ ئۇستۈبېشى توپا - چاڭ، ھارغىن كۆرۈنگەن مۇساپىرغا ئىچى ئاغرىغان مېھماندوست باغۋەن ئۇنى باغقا كىرىپ بىردەم ئارام ئېلىپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ مېڭىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

نېمە بالا بولدىكىنتاڭ، تۆگىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۆگە بىكاردىن - بىكار چۆچۈپ كېتىپتۇ - دە، باغقا كىرىپ ئۆزىنى ئۇيان - بۇيان ئۇرۇپ، شۇنداق چىرايلىق باغنى پايخان قىلىۋېتىپتۇ.

بۇ ئىشتىن ھولۇقۇپ كەتكەن باغۋەن نېمە قىلارىنى بىلمەستىن، يەردىن بىر تال تاشنى ئېلىپلا تۆگىگە قارىتىپ بىر ئېتىپتىكەن، ئۇ تاش قېرىشقاندەك تۆگىنىڭ مېڭىسىگە تېگىپتۇ. تۆگە قاتتىق بىر چىرقىراپلا يىقىلىپ مىدىر - سىدىر قىلماي يېتىپ قاپتۇ.

ئەتىۋارلىق تۆگىسىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەن مۇساپىر ئىختىيارسىز باغۋەننى ئىتتىرىپ ساپتۇ. ئۇ خاپىچىلىقتا

بەكرەك كۈچىيىۋەتكەنمۇ قانداق، باغۋەن دەلدۈگۈنۈپ بىرىپ يىقىلىپتۇ-دە، بېشى يەردىن چىقىپ تۇرغان بىر تاشنىڭ ئۇچلۇق يېرىگە تېگىپ يېرىلىپتۇ ھەم بىرپەستىن كېيىن جان ئۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى يىگىت دادىسىنىڭ بېشىغا چىققان مۇساپىرغا ئېسىلىۋاپتۇ ۋە ئۇنى ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىغا سۆرەپ كەپتۇ.

ئىككى يىگىتنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلىغان ئەمىر دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي بېشى قېتىپتۇ. بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى سەۋەنلىكتىن كېلىپ چىققان ھادىسە بولغاچقا، مۇساپىر يىگىتكە ئۆلۈم جازاسى بېرىلسە ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدىكەن. لېكىن، جانغا جان، قانغا قان ئالمىسا، شەرد-ئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن. بولۇپمۇ ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ھەسرەتتىن پۇچىلىنىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ، ئەمىر ئاخىر بىر قارارغا كەپتۇ.



—ئەي مۇساپىر يىگىت. شەرىئەتتە قانغا قان ئېلى-
نىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈشۈڭ سەۋەنلىك تۇپەيلى بولغانلىقىنى
كۆزدە تۇتۇپ، ھەرقانداق ئارزۇ - ئارمىنىڭ بولسا ئاڭلايمەن
ھەم شۇ ئارمانلىرىڭنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ياردەم قىلىمەن،—
دەپتۇ ئەمىر مۇساپىر يىگىتكە.

مۇساپىر يىگىت ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئەمىرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئادەم ئۆلتۈرگەندىكىن، جازا مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇنىڭغا ھېچقانداق ئەرز - دادىم يوق، ئۆزۈمنى ئاقلاپمۇ ئولتۇرمايمەن. كەڭچىلىك قىلىنىشنى تەلەپمۇ قىلمايمەن. پەقەت كىچىككىنە بىر تەلىپىملا بار. ئۆيۈمدە تېخى گۆدەك بىر نەۋرە ئىنىم قالغان. دادىسى جان ئۈزەر ئالدىدا ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇپ كەتكەن. ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن بولسىلا، بېرىپ شۇ بالىنى ئوبدانراق بىر خەقنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، خاتىرجەم بولۇپ قايتىپ كەلسەم،



دەيدىغان ئۆتۈنۈشۈم بار. شەخسىي ئىشىمغا ئائىلىلىرىنى ئا-
ۋارە قىلسام تازا قاملاشماس. بۇ ئىشنى ئۆزۈم بېرىپ بىر
تەرەپ قىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ دۇنياغا خاتىرجەم، را-
زىمەنلىك بىلەن كەتسەم، دەيمەن.

مۇساپىر يىگىتنىڭ بۇنداق تەلەپ قويۇشىنى خىيال-
غىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئەمىر تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا
چۈشۈپ قاپتۇ. ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئادەمگەرچىلىك نۇقتى-
سىدىن ئالغاندا بۇ خىل تەلەپنى رەت قىلىشقا ئامالسىز
ئىكەن، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قېچىپ كەتسە ئۆلگۈ-
چىنىڭ باللىرىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن، دەپ ئەندىشە
قىلىدىكەن.

ئەمىر بىرھازا سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— ئەي يىگىت، قويغان تەلىپىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق
بولسىمۇ، مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنىڭغا
قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپتىمەن. مۇنداق بول-
سۇن. سېنىڭ دېگەن مۆھلەتتە قايتىپ كېلىشىڭگە



كېپىللىك قىلالايدىغان بىر ئادەمنى تاپالىساڭ، مەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە قايتىشىڭغا رۇخسەت قىلاي: ناۋادا سېنىڭ قايتىپ كېلىشىڭگە كېپىللىك قىلالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭ، كەچۈرگىن، سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەلمەيمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مۇساپىر يىگىت قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ.

ئۆزىنىڭ يۇرتىدا بولسىغۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان دوستلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ھېلىغۇ بىر كېپىل بولغۇچى ئىكەن، ئۇننى بولسىمۇ ئۇ تېپىپ كېلەلەيدىكەن. ھازىر ياقا يۇرتتا، يەنە كېلىپ، ئەمىرنىڭ سارىيىدا كېپىل بولغۇچىنى ئۇ قانداقمۇ تاپالىسۇن!؟ كىممۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ناتونۇش بىر ياقا يۇرتلۇق ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالىسۇن!؟ شەرتئەتتە كېپىللىك قىلىنغۇچى ئۆز قەرەلىدە قايتىپ كەلمىسە، كېپىللىك قىلغۇچى ئۇنىڭ ئورنىغا جازاغا تارتىلىدۇ-دە!؟ مۇساپىر يىگىت مۇشۇلارنى ئويلاپ بېشىنى چايقىغىنىچە لاسىدە يەردە ئولتۇرۇپ قاپتۇ، ئۆزىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان بىر نەۋرە ئىنىسىنى خىيال قىلىپ، ياشلىرى تارامىلاپ ئېقىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ھەبى ئىسىملىك بىر ئەمەلدار يىگىتنىڭ بۇ ھالىغا چىداپ تۇرالماپتۇ-دە، قىلچە ئىككىلەنمەستىن:

— قايغۇرما، يىگىت. كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، مەرد-مەردانە يىگىتتەك قىلىسەن. مەن سېنىڭ ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، شۇڭا ساڭا كېپىل بولماقچىمەن! — دەپتۇ.

مۇساپىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ھەبىگە چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئورنىدىن ئوقتەك ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مۇشۇنداق ھايات-ماماتلىق مىنۇتلىرىدا، ئۆزى تونۇش

توگول، ئەزەلدىن ئۈچرىتىپ باقمىغان يات بىر ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئۆزىگە كېپىللىك قىلىشنى يىگىت نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ بۇ ياخشىلىقنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇپ قويۇشنى، ھەبىنىڭ ياخشىلىقىغا بۇ دۇنيادا جاۋاب قايتۇرالمىسا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا بولسىمۇ جاۋاب قايتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمىر دەل ۋاقتىدا سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

كۈن چىقىپتۇ، كۈن پېتىپتۇ، ئەمما جاۋابكارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

— يەنە بىر ئاش پىشىم مۆھلەت بېرىمەن، — دەپتۇ ئەمىر، — جاۋابكار يەنىلا قايتىپ كەلمىسە، شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە ھەبىنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن.

ئەمىرنىڭ سۆزىدىن ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكى لەرزىگە كەپتۇ، ئەمما بىرەر ئادەم چىقىپ ھەبىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. چۈنكى، ئەمىرنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشتا تولىمۇ قەتئىي ئىكەنلىكى ئۇلارغا ئايان ئىكەن.

ئەڭ ئاخىرقى مۆھلەتمۇ توشۇپتۇ. ئەمىرنىڭ چىرايى سۇرلۇك تۈس ئاپتۇ. ئۇ:

— جاللات! ھەبىنى ئاچىقىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

دەل مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە:

— ئەي كەرەملىك ئەمىر، رەھىم قىلغايلا! — دېگەن سادا بىلەن تەڭ بىر ئادەم ھاسىراپ - ھۆمۈدۈگىنىچە، يىقىلىپ - قوپقىنىچە كىرىپ كەپتۇ.

خالايىق شۇنداق قارىسا، ئۇ دەل ھېلىقى جاۋابكار

يىگىت ئىكەن. ئۇ يىگىت بەك ئالدىراپ ماڭغاچقىمىكىن، ئىشقىلىپ ئىشىكتىن كىرىپلا ھالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئۆلۈمدىن قورقماي كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئەمىرنىڭ چىرايىدىكى غەزەپ سەل يېنىپتۇ.

ئۇ ھەبىنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ-دە، مۇساپىر يىگىتكە قاراپ مۇلايىملىق بىلەن:

— نېمىشقا ئېتىكى كەڭ بۇ جاھاننىڭ بىرەر بۇلۇڭ-پۇچقىقىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالمايسەن. شۇنداق قىلساڭ، سېنىڭ ئورنۇڭدا ھەبى ئۆلەتتى، سەن بەخىرامان، ئەركىن-ئازادە ياشايتتىڭ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

يىگىت بېشىنى تىك تۇتقىنىچە، ئەمىرگە مەردانىلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— جانابىي ئالىيلىرى، سىلىگە مەلۇم بولسۇنكى، ئۆلۈمدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدىم. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە، مەن ھېلىقى ئىگە-چاقىسىز قالغان بىچارە نەۋرە ئىنىمنى يىراق جايدىكى تاغىسىغا تاپشۇرۇپ كەلدىم. تاغىسى، ئۇنى چوقۇم ياخشى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ كەينىمگە ياندىم. دېگەن قەرەلدە



يېتىپ كېلەلمەسلىكىمدىن قورقۇپ يول بويى توختىماستىن ئات سېلىپ، ئىككى ئاتنىڭ بېشىغا چىقتىم. ئۇ بايقۇشلار ھاردۇق يەتكىنىدىن ئۆلۈپ كەتتى. بىر كېچە- كۈندۈز يېمەي- ئىچمەي مېڭىپ تاس قاپتىمەن تېخى ئۆلگۈرەلمىگىلى. بىر دەقىقە كېچىكىپ قالغان بولسام، مېنىڭ ئورنۇمدا ھەبى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسا، تېنىمنى پارە- پارە قىلىۋەتسەممۇ ئورنىغا كەلمەيدىغان ئىش بولاتتى.

تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى يىگىتنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇنى ھەقىقەتەن ۋاپاغا ۋاپا قىلىدىغان ئېسىل يىگىت ئىكەن، دەپ ماختىشىپتۇ. بۇ ماختاشلارنى ئاڭلىغان يىگىت مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:



— ۋەدىگە ۋاپا قىلىش پەزىلەتلىك ئادەمگە قويۇلغان ئەقەللىي بىر تەلەپقۇ؟ بۇنىڭ ماختىنغۇدەك ھەم پەخىرلەنگۈدەك نەرى بولسۇن. مەن كۆڭلۈمدىكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ ئارزۇيۇمغا يەتتىم، ئەمدى پەرمانلىرىنىڭ قۇلىمەن. قېنى، پەرمان چۈشۈرسىلە، ئۆلۈشنىڭ ئالدىدا ئارزۇ-ئارمىنىمغا يەتكۈزگەنلىكلىرىنىڭ ئۆزى ماڭا قىلغان ئەڭ چوڭ شاپائەتلىرى، — دەپتۇ.

ھەبى ئۇنىڭ بۇ ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ھەممىدىن بەك تەسىرلىنىپ كېتىپتۇ.

— مەن بۇ يىگىتنى بۇرۇن تونۇمىساممۇ، بۈگۈنكى ئىشقا قاراپ مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولۇپ خاتا قىلمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شەرىئەتتە يول قويىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن ئۆلۈشكە مىڭ رازى ئىدىم. بۇنداق سەمىمىي يىگىت ھايات قالسا، ئۇ دۆلەت ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرەتتى، — دەپتۇ ھەبى.

بۇنداق ئەھۋالدا بىرى باشقا بىرىنىڭ ئورنىدا ئۆلۈشكە شەرىئەتتە ئەلۋەتتە يول يوق ئىكەن، بۇ ئىشنى ئەمدى ئارقىغا سۈرۈۋەرسە بولمايدىكەن، لېكىن ئەمىرنىڭ بۇ يىگىتنى ئۆلتۈرۈشكىمۇ يۈرىكى چىدىمايدىكەن. شۇڭا، قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئەمىرنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىپتۇ، ئۇنىڭ بۇ



يىگىتكە تولىمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاخىر كەسكىن بىر قارارغا كەپتۇ:

— ھاياتىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەدەملىرىنى خاتىرجەم باسقىن! بۇ يەردىكى خەلق سېنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ!

بۇنداق ھېسداشلىق بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇش ئەمىرنىڭ ھاياتىدا تېخى تۇنجى قېتىم ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ يىگىت لەشكەرلەرنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن ئوردىدىن خاتىرجەم ئايرىلىپتۇ.

ھېلىقى ئىككى دەۋاگەر يىگىت ھېلى ئەمىرگە، ھېلى ھەبىگە، ھېلى ئۇزاپ كېتىۋاتقان يىگىتكە قاراپ قاپتۇ، ئازدىن بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىۋەتكەندىن كېيىن خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا:

— توختاپ تۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ، ئاندىن ئەمىرگە قاراپ، — شاھىم، ئۆلگەن ئادەم قايتا تىرىلمەيدۇ. بۇ يىگىت دادىمىزنى قەستلەپ ئۆلتۈرمىدى. ئۇ بىر تاسادىپىي ھادىسە. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىر ئادەمنىڭ ئۆلگىنى يەتمىگەندەك، نېمىشقا يەنە بىر ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىمىز؟ بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك، رەھىمدىل



ئىكەن. بىزمۇ ئۇنچىۋالا بەك باغرى تاشلاردىن ئەمەسمىز! جانابىي ئالىيلىرىدىن شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمىزكى، بۇ يىگىتنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىپ، ئۇنىڭ تېخىدىمۇ جىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولسىلا! بىز بۇ دەۋادىن ۋاز كەچسەك، بەزىلەر بىزنى ئاتىسىنىڭ قان قەرزىنى تۆلىتىپ، ئىنتىقام ئالمىغان ۋاپاسىز ئوغۇللار دېيىشى مۇمكىن. لېكىن، كىم بىلىدۇ، دادىمىز ئۇ دۇنيادا ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئاللىقاچان كەچتىمۇ تېخى! چۈنكى، بۇمۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببەت جۇملىسىگە كىرىدۇ، — دەپتۇ.

ئەمىر دەۋاگەرنىڭ بۇ گەپلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپتۇ ۋە مۇساپىر يىگىتكە ئەركىنلىك بېرىپتۇ. دەۋا قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئىككى يىگىتكە دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا قارىماي، باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن كاتتا ئىنئام قىپتۇ.

بىراق، ئىككى دەۋاگەر يىگىت بۇ ئىنئاملارنى قوبۇل قىلىشنى خوپ كۆرمەپتۇ.

— ئالىيلىرى، بىز پۇل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ ۋە مېھىر-مۇھەببەت ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق. ھەممىمىز كۆڭلىمىزنى، ھەقىقىي مېھىرىمىزنى پۇل بىلەن بۇلغاشنى خالىمايمىز! — دەپتۇ ئۇلار.

بۇ ئىشلار شۇنداق چىرايلىق بىر تەرەپ بوپتۇ. ئوردا ئەھلى خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. ئەمىرمۇ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان تاش ئېلىنىپ كەتكەندەك يەڭگىل تىن ئاپتۇ. ئۇ ھاياجان بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— ھەر دائىم باشقىلارغا ياخشىلىق ئويلايدىغان ھەم ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەم چوقۇم ھەسسىلەپ ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ!

# كەرىقۇر بىلەن تاشپاقىنىڭ ھېكايىسى

بىر ئارالدا بىر توپ تاشپاقا ياشايدىكەن. بۇ ئارالنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭدا ئۇزۇقلۇق مول، قۇياش نۇرى يارقىن ئىكەن. ئىشقىلىپ، ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى دېسە ئارتۇق كەتمەيدىكەن. شۇڭا، تاشپاقىلار بۇ ئارالدا باياشات، خۇشال - خۇرام ياشايدىكەن.

بىر كۈنى، تاشپاقىلار ناشتىلىقلىرىنى يەپ بولۇپ ئىك-كىدىن - ئۈچتىن بولۇپ ساھىلدا ئاپتاپسىنىپ يېتىپتۇ. ئۇش-تۇمتۇت بىر كەرىقۇر ئەگىپ ئۇچۇپ كەلگىنىچە بۇ ئارالغا قونۇپتۇ.

ئۇنىڭ ئۇچۇۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغاچقا، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، بۇ ئارالغا مىڭ تەسلىكتە ئۇلىشىپ ئۆ-زىنى ئارانلا ئېتىپ ئۈلگۈرگەنىكەن. ئۇ ھەممە يېرىدىن مولچىلىق



تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇ ئارالدا دېمىنى ئېلىپ، قورسىقىنى توقلاپ، كۈچ توپلاپ، ئاندىن داۋاملىق ئۇچماقچى بوپتۇ.

ئاسماندىن ئۇچۇپ چۈشكەن بۇ مېھماننى تاشپاقىلار تولىمۇ دوستانىلىك بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق قۇشنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆر-گىلەپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قاپتۇ. بۇ چىرايلىق مېھ-ماننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا دەم ئالىدىغان جاي راسلىسا، يەنە بەزىلەر يېمەك-ئىچمەك تەييارلاپتۇ. ئۆمرىدە بۇنداق قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا ۋە ئىززەت-ئىكرامغا مۇيەسسەر بولۇپ باقمىغان كەرقۇر ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپتۇ.

ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن قورسىقىنى توقلىغان كەرقۇر شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ رو-ھىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ، بەدىنىنىڭ



كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تولغىنىنى ھېس قىپتۇ ـ دە، تاشپاقىلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان تاشپاقىلار تۇشمۇتۇشتىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىپتۇ:

— ئۇچار قۇشلارنىڭ ئىچىدە سەن چوقۇم ئەڭ چىرايلىقى ھەم ئەڭ ئېسىلى. ئەگەر مۇشۇ ئارالدا قېلىپ بىز



بىلەن ياشىساڭ، بىز جان دەپ خىزمىتىڭنى قىلاتتۇق.

— قارىغىنا، بۇ ئارالنىڭ مەنزىرىسى قانداق گۈزەل، يېمەك ـ ئىچمەك نېمىدېگەن مول. بولدى، مۇشۇ يەردە قېلىپ بىز بىلەن بىللە

كۆنلىرىگىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىۋەرمەمسەن. ئەتىدىن كەچكىچە پالاقشىپ ئۇچۇپ يۈرۈپ نېمە جاپا ساڭا.

بۇ ئارالنىڭ مەنزىرىسى كەرىقۇرغىمۇ بەكلا يېقىپ قاپتىكەن. تاشپاقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان يېقىنچىلىقى ۋە ئىززىتىگە قاراپ كەرىقۇرمۇ يۇمشاپ قاپتۇ، بۇ جاھاندا ساڭا ئەقىدە قىلىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان مۇشۇنداق بىر توپ دوستنى بېسىپ چۈشىدىغان يەنە نېمە بولسۇن، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەرىقۇرمۇ قېپقېلىپ بۇ ئارالنى ئۆزىنىڭ يېڭى ماكانى قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كەرىقۇر تاشپاقىلار ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قاپتۇ. كۈندۈزلىرى ئۇ ئۇچۇپ ھەرقانچە يىراقلارغا كەتسىمۇ، ئاخشىمى بۇ ماكانىغا قايتىپ كېلىپ تاشپاقىلار بىلەن جەم بوپتۇ. ئۇلار بەكمۇ ئىناق ھەم شاد-خۇرام ياشاپتۇ. ئۇلار بىر مەزگىل مۇشۇنداق ياشىغاندىن كېيىن تاشپاقىلار ئۆزلىرىنىڭ كەرىقۇرغا بەكلا ئېچىكىشىپ كەتكەنلىكلىرىنى ھېس قىپتۇ.

كەرىقۇر قېشىدا بولسا تاشپاقىلار خۇشاللىقتىن ۋا-قىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قالىدىكەن، ئۇ سىرتلارغا چىقىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا بولسا، خۇددى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى يوقىتىپ قويغاندەك بىئارام بو-لۇپ، بىر كۈننى بىر يىلدەك تەستە ئۆتكۈزىدىكەن. ھەممى-دىن بەك جانغا تېگىدىغان يېرى كەرىقۇر ئاسماندا، تاشپاقىلار يەردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى بىللە تۇرى-دىغان ۋاقتى تولىمۇ قىسقا بولىدىكەن.

بىر كۈنى، ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان كەرىقۇرغا

قاراپ تاشپاقىلار سۆھبەتكە چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى:

— بۇ كەرقۇر ئائىلىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ كۈن بويى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرسە، يېنىمىزدا تۇرىدىغان ۋاقتى بەكلا قىسقا بولۇپ قالىدىكەن. بۇنىڭغا يۈرىكىمىز پەقەتلا چىدىمايدىكەن. ئۇنى بىزنىڭ قېشىمىزدىن ئايرىمايدىغان قىلىشقا بىرەر ئامال تېپىلماسمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن ئامال تاپالايمەن، — دەپتۇ بىر تاشپاقا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، — ئۇنى بىزدىن كېچە-كۈندۈز ئايرىلمايدىغان قىلىۋېتىدىغان بىر ئامالىم بار. ئۇ چاغدا ئۇ ئايرىلىپ كېتىمەن دەپمۇ كېتەلمەيدۇ.

بۇ تاشپاقا ھەممە تاشپاقا ئەقىللىق ھېسابلايدىغان تاشپاقا ئىكەن. بىرەر قېيىن ئۆتكەلگە دۇچ كەلگەندە ئۇ ھامان ھىيلىگەرلىك بىلەن كىشىنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئامال تاپالايدىكەن.



ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان تاشپاقىلارنىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپتۇ، كەرىقۇر بىلەن كېچە-كۈندۈز ئايرىلمايدىغان كۈنلىرىگە ئاز قالغانلىقىنى ئويلاپ شادلىققا چۆمۈپتۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى كەرىقۇر ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاشپاقىلارنىڭ ئارىسىدا مېڭىپ يۈرۈپ ھەر خىل قىزىق پاراڭلار بىلەن ئۇلارنى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرۈپتۇ. ئەمدى پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلىغان ھېلىقى ئەقىللىق تاشپاقا كەرىقۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

—ئەي خوجىمىز، ھاي خوجىمىز دېسەك بېشىڭنى ئۇنداق چايقىما، ساڭا بولغان يۈرىكىمگە پاتماي تېشىپ كې-تىۋاتقان مېھرىمىنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قى-لىمەن. بۇ ئارالغا كەلگىنىڭدىن بېرى بىز ئېجىل-ئىناق ئۆتتۇق، ئاخىر بېرىپ بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتتۇق. شۇغىنىسى ھەر تاڭ سەھەردە سەن ئۇ-چۇپ چىقىپ كېتىپ، قۇرۇق ئاسماندا بىكاردىن-بىكار ئاي-لىنىپ يۈرۈپ، كەچ بولغاندا ئاندىن قايتىپ كېلىسەن. ساڭا بولغان سېغىنىشىمىز ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت يۈرىكى-مىزنى تاتىلايدۇ. سېنى يېنىمىزدىن پەقەت ئايرىغۇمىز يوق. قېشىمىزدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىساڭ، بۇ چوڭ ئائى-لىنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر ئەزاسى بولساڭ، ئاندىن مۇرادىمىزغا يەتكەن بولاتتۇق، — دەپتۇ.

—مەنمۇ سىلەرنى بەك سېغىنىمەن، ئەتىدىن-كەچ-كىچە سىلەرنى كۆرگۈملا كېلىپ تۇرىدۇ! —دەپتۇ بۇ گەپ-لەردىن قاتتىق تەسىرلەنگەن كەرىقۇر، — بىراق مەن دېگەن بىر ئۇچار قۇش، ئۇچۇش مېنىڭ تۇغما تەبىئىتىم، چەكسىز ئاسمان مېنىڭ پائالىيەت ماكانىم. سىلەردىن ئايرىلىش مې-نىمۇ قاتتىق ئازابلايدۇ. بالدۇرراق قايتىپ كېلىپ سىلەر بى-لەن جەم بولغۇم بەكلا كېلىدۇ، شۇغىنىسى ئاشۇ ئۆلگۈر تۇغما

تەبىئىتىم تۇپەيلىدىن قاناتلىرىمنى باشقۇرالماي قالىمەن.

— دېگەنلىرىڭغۇ توغرا. لېكىن، ئۇچار قۇش بولۇشنىڭ ئۆزى بەكلا جاپالىق ئىش ئەمەسمۇ؟ كۈندە ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا ئۇچۇپ يۈرۈش، ئۇ ئاز كەلگەندەك بوران-يامغۇردا قېلىش، ۋەھشىي بۈركۈتلەرنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ قېچىپ يۈرۈشلەر، جېنىڭغا تەگمەمدۇ؟ ئاشۇ قۇپقۇرۇق ئاسمانىنىڭ نېمە ئارزۇلىغۇچىلىكى بار زادى؟ ئەي، خوجام، سېنىڭ ئاشۇ جاپالارنى تارتىۋاتقىنىڭنى ئويلىسام، يۈرىكىم قان بولۇپ ئاقىدۇ.

— بەرھەق! بەرھەق! — بۇ گەپلەر قۇلىقىغا ياغدەك ياققان كەرىقۇر ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇچۇشنىڭ بۇنچىۋالا جاپالىق ئىكەنلىكىنى زادىلا ھېس قىلىپ باقماپتىكەن، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە زوق ئېلىپ كېلىۋاتقانىكەن. بىراق، تاشپاقىنىڭ تەسىرلىك گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە بىردىنلا ھاردۇق يەتكەندەك ھېس قىلىپ، ئۇچۇشتىن شۇنچىلىك رايى يېنىپتۇ.

راست ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئەتىدىن-كەچكىچە مۇشۇنداق



ئۇچۇپ يۈرۈشى، جاپا چېكىشى زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئەگەر ئوزۇقلۇق تېپىش ئۈچۈن دېيىلسە، نېمىنى يېيىشنى خالىسا بۇ ئارالدا شۇ نەرسە ئېشىپ-تېشىپ تۇرمامدۇ، شۇنداق ئىكەن يەنە ئاسمانغا چىقىپ يېمەكلىك ئىزدەشنىڭ نېمە هاجىتى؟... لېكىن، ئۆگىنىپ قالغان خۇي ... هەي... ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، هەسرەت بىلەن:

— مۇشۇنداق جاپالىق ياشاش تەقدىر-پېشانەمگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىشكە قۇربۇم يەتمەيدۇ، — دەپتۇ.

— هەرگىز سەن دېگەندەك ئەمەس. تەقدىرنىمۇ، تۇغما تەبىئەتنىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. گەپ سېنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىرادەڭنىڭ بار-يوقلۇقىدا، — دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي جاۋىلداپتۇ هېلىقى ئەقىللىق تاشپاقا ئۇنى ئازدۇرۇپ، — مېنىڭچە، سەن پەيلىرىڭنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يۇلۇۋەت، شۇنداق قىلساڭ، تەبىئىي خۇسۇسىيىتىڭنى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇپ قالىسەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇچۇشتىن



بارا-بارا قالىسەن. بىز بىلەن يەپ، تەڭ ئويناپ، تەڭ ئۇخلاپ، تەڭ قوپساڭ، نېمىدېگەن راھەت، نېمىدېگەن بەخت.

تاشپاقىنىڭ چىرايلىق گەپلىرىدىن كەرىقۇر ئېرىپلا كېتىپتۇ-دە، قاتتىق ئاغرىقتا چىداپ بەدىنىدىكى چىرايلىق پەيلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يۇلۇپ تاشلاپتۇ.

دەرۋەقە، خۇددى تاشپاقىنىڭ دېگىنىدەك ئۇ كۈن بويى يەپ-ئىچىشتىن غەم قىلماي ئويناپ-كۈلۈپ، ئۇخلاپ يۈرۈپتۇ، ئۆزىگىمۇ ئەت قونۇپتۇ، سەمرىپ پارقىراپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن جەم بولۇش ئۈچۈن شۇنچىۋالا زور بەدەل تۆلىگىنىگە تەسىرلەنگەن تاشپاقىلار ئۇنى خۇددى ئايال پادىشاھتەك بىلىپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىشنىمۇ قىلچە ئويلىمايدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇق ھايۋىنىغا ئايلىنىپ قالغىنىدىن پەخىرلىنىدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ.

لېكىن، بۇ ئارالدا ئەقىللىق تاشپاقا ئويلاپ يېتەلمىگەن بىر يوشۇرۇن خەۋپ بار ئىكەن. ئۇ بولسىمۇ بۇ ئارالدا بۇ بىر توپ تاشپاقا بىلەن كەرىقۇردىن باشقا يەنە بىر ئۈۋا سېسىقكۈزەنمۇ ياشايدىكەن. ئۇلار دائىم تاشپاقىلارنى يېيىشنىڭ قەستىدە يۈرىدىكەن. ئەمما، تاشپاقىلارنىڭ بەدىنىدە قېلىن بىر قەۋەت قاتتىق قېپى بولغاچقا، ئۇلارغا چىشى پاتماي ئامالسىز تەگمەي يۈرۈپتىكەن.

بىر كۈنى سېسىقكۈزەن تاشپاقىلار بىلەن بىللە ئويناۋاتقان كەرىقۇرنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئىچ-ئىچىدىن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ، كەرىقۇرنىڭ سەمرىپ پارقىراپ كەتكەن ئېتىنى كۆرۈپ ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ، كەرىقۇرنىڭ ئۆزىنىڭ يۇڭىنى ئۆزى يۇڭداپ، ئۆزىگە تەييار ئاش بولۇپ تۇرغان ئەخمەقلىقىغا كۈلگۈسى كەپتۇ.

مۇشۇنداق ئېسىل يېمەكلىكنى خۇدايىم ئۇنىڭ ئالدىغا توككىدا تاشلاپ بەرسە، يەنە نېزىقاپ تۇرىدۇ، دەمسىز؟

شۇنىڭ بىلەن ، سېسىقكۈزەن سەكرەپ ـ تاقلىغىنىچە بېرىپ كەرىقۇرغا ئېتىلىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن كەرىقۇر قاتتىق بىر چىرقىراپ تۈكى يوق ئايپاڭ، سىدام قاناتلىرىنى پاقىلداتقىنىچە يەردىن يېرىم گەزچە كۆتۈرۈلۈپ يەنە پاققىدە يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۇچۇپ كېتەي دەپ ھەرقانچە پالاقشىسىمۇ، بۇ قېتىم يەردىن يېرىم گەز ئەمەس، بىر غېرىچمۇ كۆتۈرۈلەلمەپتۇ.

سېسىقكۈزەن كەرىقۇرنى ئاستىغا بېسىپ تۇرۇپ مەغرۇرانە ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ. بىچارە كەرىقۇر جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ تاشپاقىلاردىن ياردەم تىلەپتۇ.

نەدىكىنى، تاشپاقىلارنىڭ سېسىقكۈزەنگە تاقابىل تۇرۇشتىكى بىردىنبىر چارىسى بېشىنى قېپىنىڭ ئىچىگە تىقىپ تۈگۈلۈۋېلىش ئىكەن، ئەگەر بېشىنى تېشىغا چىقىرىپ سېسىقكۈزەن بىلەن ئېلىشسا، ئوخشاشلا سېسىقكۈزەننىڭ مەززىلىك تامىقىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن.

بۇنى كۆرگەن ئەقىللىق تاشپاقا پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي قاپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق قېپى بولمىسا



بولمىغىنىدەك، كەرىقۇرنىڭمۇ پەي - تۈكلىرى بولمىسا بول-
مايدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئەمما ، بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ
يەتكەندە، ئۇ تولىمۇ كېچىكىپتۇ.

جېنىنىڭ ئامان قېلىشىغا كۆزى يەتمىگەن كەرىقۇر
تاشپاقىلارغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ، ھەسرەت بىلەن مۇنداق
دەپتۇ:

— بۇ ئىشنى سىلەردىن كۆرمەيمەن، دوستلىرىم. بۇ
پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ شورى. مەن سىلەرنىڭ چىرايلىق گەپ-
لىرىڭلارغا ئېرىپ كېتىپ، ئۇچۇشتا تايىنىدىغان پەيلىرىم-
نى يۇڭدىۋېتىپتىمەن. شۇ گۇناھىم ئۈچۈن مانا بۈگۈن
مۇشۇ كۈنگە قالدىم. مېنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتەرگەن
سىلەر ئەمەس، سېسىقكۈزەنمۇ ئەمەس، دەل ئۆزۈم. ئۆزۈم
تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا، دېگەن دەل مۇشۇ.

ئەقىللىق تاشپاقا ئەقىلسىزنىڭ ئىشىنى قىلىپ سال-
دى. بۇنىڭدەك ئىشلارغا قارىتا ئەقىللىق ئادەملەر ئاللىقاچان:
« نەزەر دائىرىسى تار، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان دوستۇڭنىڭ
سۆزىگە يەڭگىللىك بىلەن ئىشەنسەڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ھالاكەت
گىردابىغا ئىتتىرىسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇرغان.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMTkyNTkuemlw",
  "filename_decoded": "40219259.zip",
  "filesize": 18835652,
  "md5": "b799865e2518695c7297ee6d5694e38f",
  "header_md5": "acaae1f67cc5f2089f0d29629b2ab21b",
  "sha1": "8e266b6fe7c2d04a743e33a41048eb50a1778142",
  "sha256": "43f277e90daec52ee029808697e302c84d274403fc1db738fef8304a39375e43",
  "crc32": 3660323759,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 20927407,
  "pdg_dir_name": "\u2565\u2557\u255f\u00ba\u2534\u03c0\u2565\u2557\u2565\u2563 \u2562\u25a0
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40219259",
  "pdg_main_pages_found": 78,
  "pdg_main_pages_max": 78,
  "total_pages": 85,
  "total_pixels": 339133680,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}